مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال




# MIRAS

# ميراس

6
2015

ISSN 1004-3829
12>
9 771004 382027

www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو تۇنجى نۆۋەتلىك ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر





























قوش ئايلىق ژۇرنال

2015 ـ يىل 6 ـ سان

(ئومۇمىي 152 ـ سان)


## ساقلىقنى ــ شاھلىقنى


«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە تىلغا ئېلىنغان ئىچىملىك ۋە تائاملار ئارقىلىق ئاغرىق داۋالاشقا نەزەر ............................ ئىسرائىل مۇتىللا (1)


## يورۇق يۇلتۇزلار


پروفېسسور گېڭ شىمىننىڭ جۇڭگو ئۇيغۇرشۇناسلىقىقا قوشقان تۆھپىلىرى ھەققىدە ................................ ئىمىن تاجى تۇرگۇن (8)

ھېسام قۇرباندىن قالغان مىراس ................. جامالىدىن جالالىدىن (24)


## ئادەت قىرىماس


كاتتايلايلىقلارنىڭ بىر قىسىم ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە نەزەر ..................................................... تۇرغۇن پەيزۇللا يۇلغۇن (16)

ئۇيغۇرلاردا توپا قۇرۇلمىلىق ئەنئەنىۋى ئۆي مەدەنىيىتى .................................................... ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (33)

ئۇيغۇرلاردا بېدىكچىلىك ............... مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن (57)

ئۇيغۇرلاردا مازار مەدەنىيىتى ............... ئابدۇكېرىم ئابدۇراخمان (68)


## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


11 ـ ئەسىردىكى تېرىقچىلىق ۋە قوغۇن ............... ماموت قۇربان (27)

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىدىكى مۇتەفلار ھەققىدە ...................................... رىزۋانگۈل قاھار (41)

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە توپان قۇشلىرى ــ قارلىغاچ ۋە كەپتەر ........................................ ئادەم ئۆگەر (تۈركىيە) (46)



نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
**ئازاد سۇلتان** (پروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى)

مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)

جاۋابكار مۇھەررىر:
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**

مۇھەررىرلەر: **نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**
**ئەزىزەم تۇيغۇن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 ـ 1130 / I

خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 ـ 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

www.uyghurkitap.com

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى

## ژۇرنال ۋە مۇھەررىر

سۈرەت تەھرىرلىكى ۋە بەت لايىھەسى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ............ زۇلفىيە ئابدۇرېھىم (60)

## دۇنيا مىراسى

تېبىس قەدىمىي شەھىرى ۋە قەبرىگاھ ........ مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (63)

## ئايدىڭ كېچىلەر

قىز-يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەت قوشاقلىرى ... تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (73)

## ئەلنىڭ قولىقى ئەللىك

جۇڭگو تۇنجى نۆۋەتلىك ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى .................................... (78)

بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 32 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 32 يىللىق شانلىق تارىخىدا 152 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 32 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزەم تۇيغۇن
تەكلىپلىك كوررېكتور: مۇنىرە مۆمىن
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس
مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: نەۋايى غەزەللىرىگە سىزىلغان مىنىياتۇرا رەسىم نەۋبەت سىزغان
مۇقاۋىنىڭ 2-، 3-بېتىدىكى سۈرەتلەرنى يۈسۈپ ئىسھاق، بۇسارەم ئىمىن تەمىنلىگەن
ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى مەتتوختى بارات تەمىنلىگەن

Chief editor: Azad Sultan
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin

保护文化遗产
捍卫精神家园

社长,总编:
阿扎提·苏里坦
教授,博导
副社长,副总编:
木合塔尔·买买提
(编审,法人代表)
本期责任编辑:
胡尔仙阿依·买买提明(编缉)
编缉:
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪
主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联14层)
电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I 国外统一刊号:ISSN1004—3829 邮政代号:58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
广告许可证号:6500006000040
邮编:830001
定价:6.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federa_tion of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥






# «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»تە تىلغا ئېلىنغان ئىچىملىك ۋە تائاملار ئارقىلىق ئاغرىق داۋالاشقا نەزەر






**ئىسرائىل مۇتللا**

«دىۋان»دا بايان قىلىنغان تائاملار ئىچىدە ئەمچىلەرنىڭ بۇيرۇتمىسى بويىچە ھەم ئوزۇقلىنىش ھەم قۇۋۋەت تولۇقلاپ، ئاغرىقلارنى ئەملەش ئۈچۈن تەييار بولىدىغانلىرى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ تائاملارنىڭ رېتسىپى ئۇستا ئەمچىلەر تەرىپىدىن تەييار بولىدىغانلىقى ئېھتىمال. ئۆز نۆۋىتىدە ئەمچىلەر تائاملارغا ئۇستا بولۇپلا قالماي يەنە تائام ئەتكۈچى كىشىلەرمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەمچىلىكتىن خەۋىرى بار، بولمىغاندا ئەمچىلەر تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن تاماق رېتسىپلىرىنى چۈشىنەلەيدىغان، ئۆزى ئىشلەتمەكچى بولغان خۇرۇچلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى، رولى، پايدىلىق، پايدىسىز تەرەپلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن كىشىلەردىن تەركىب تاپقان. ئاغرىقلارنى يېمەكلىك ۋە تائام بىلەن ئەملەش داۋامىدا ھاۋارايى، ئاغرىقلارنىڭ ئاغرىش سەۋەبى، بەدەننىڭ ھالىتىگە قاراپ ۋە ئاغرىققا كېرەكلىك بولغان، ئۆزىدە بار ئوت (دورا) خۇرۇچلاردىن پايدىلانغان. تائام ۋە يېمەكلىك ئارقىلىق ئەملەشتە ئىنتايىن زۆرۈر بولغان خۇرۇچلاردىن پايدىلانغان. تائام ۋە يېمەكلىك ئارقىلىق ئەملەشتە ئىنتايىن زۆرۈر بولغان خۇرۇچلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش پۈتۈن ئەملەشنىڭ يادروسى ھېسابلانغان.

### تاماقنىڭ ئەمچىلىكتە ئىشلىتىلىشى

«دىۋان»دا ھەر خىل ئوت (دورا)لار قاتارىدا يەنە شۇ ۋاقىتلاردا ئاغرىقلارنى ئەملەش، كۈتۈنۈش داۋامىدا ئوت (دورا) رولىنى ئۆتەيدىغان بىر تۈرلۈك تائاملارمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. « samduy. سامدۇي. ئادەمنىڭ مىجەزىگە ئىسسىقمۇ كەلمەيدىغان، سوغۇقمۇ كەلمەيدىغان ھەرقانداق مۆتىدىل تاماق»① دېيىلگەن بايان بىزگە كۈتۈنۈش داۋامىدا كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەھۋالىغا قارىتا تەييارلايدىغان بىر تۈرلۈك تاماقلارنىڭ ئىستېمالدا ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەرگەن. ئاغرىق تارتىش داۋامىدا ئاجىزلاپ كەتكەن كىشىلەرگە بىۋاستە كۈچلۈك تاماقلار بېرىلمەگەن، چۈنكى بەكلا ئاجىزلاپ كەتكەن ئاغرىقلارغا كۈچلۈك تاماقلار بېرىلسە، شۇ ئاغرىقنىڭ تېنى كۆتۈرەلمەي ئاغرىقى تېخىمۇ ئېغىرلاپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاغرىقنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى بەدەن ھالىتىگە ماس كېلىدىغان تاماقلار بېرىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com





بەدىنى تاماققا ماسلاشقان ئەھۋالدا كېيىنكى قەدەمدە بىر قەدەر كۈچلۈك تاماقلار بېرىلگەن. «ياغسىز ۋە تەمسىز بولماق»② دېيىلگەن ئۈچۈر ئاغرىقلارنىڭ بەدەن ھالىتىنى ماسلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان تاماقنىڭ ئۆزى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئەھۋالغا قاراپ كۈتۈش، كۈچلۈك بېقىش ئالدىدىكى ئاغرىقنى تاماققا كىرگۈزۈش باسقۇچىنىڭ ھەم بۇ باسقۇچتا بېرىلىدىغان تاماقلارنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئۈچۈر بېرىدۇ.

بىر قىسىم ئاغرىقلاردىكى تاماققا كىرەلمەسلىك ئەھۋالىنى ئەملەيدىغان بىر تۈرلۈك ئۇسۇل ھەققىدە «ئاچۇرغان ئاش، قورساق ئاچۇرىدىغان ئاش»③ دېگەن بايانىدىن جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ. بۇ بايان ئاغرىقنىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلغان ئەھۋالدا تاماق ۋە ھەر خىل سۇيۇقلۇقلارغا مۇۋاپىق يەم، ئوتيەملەر قوشۇلۇپ، ئاغرىققا بېرىلىپ، ئاغرىقلارنى ئالدى بىلەن تاماق ئارقىلىق ئەملەش، ئاندىن ئوت (دورا) بىلەن ئەملەشنىڭ ئەمچىلىكتىكى مۇھىم بىر تەرتىپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ باسقۇچتىن كېيىن ئىشتىھاسى ئېچىلغان ئاغرىقلارغا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بەدەننى قۇۋۋەتلەيدىغان تاماقلار بېرىلگەن، «چۆگىن ئاش، قورساقنى توق تۇتىدىغان قۇۋۋەتلىك ئاش»④ دېيىلگەن بايانى ئادەتتە كۈندىلىك تۇرمۇشتا، ئىش ھۈنەرلەر، سەپەرلەردە كىشىلەرنىڭ دائىملىق يېمەكلىك ئادىتى دەپ قاراشتىن تاشقىرى يەنە ئەل ئىچىدىكى يەكۈنلەردىن باشقا بىر قەدەر ياخشىلانغان ئاغرىقلارغا ئەمچىلەر تەرىپىدىن ھاۋالە قىلىنىدىغان تاماقلار ئىدى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.

ئاغرىقلارنىڭ ساقىيىشى ئۈچۈن، سىڭىشلىك تاماقلار ئالدى بىلەن بېرىلگەن. بۇ تاماقلار كۆپرەك سۇيۇق تاماقلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ خىل تاماقلارغا مۇۋاپىق مېۋە سۈيى قوشۇلۇپ، تەمى تەڭشىلىپ، ئاغرىقنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق ھالەتكە ئەكەلگەن. يەنە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غول يوپۇرمىقىدىن سىقىش ئارقىلىق ئېلىنغان سۇيۇقلۇقلارمۇ تاماققا قوشۇلغان. بۇ بەلكىم تاماقنىڭ ئاغرىققا ماس كەلمەيدىغان بەزى پۇراقلىرىنى يوقىتىش ياكى ئاغرىققا ماس كېلىدىغان ئوت (دورا)نى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بولسا كېرەك. «دىۋان»دىكى «يەم - تېتىقۇ» ئاتالغۇسى ۋە تېتىقلۇق رولىنى ئوينايدىغان ئىچىملىك، مېۋە، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىشلىتىلىش توغرىسىدىكى بايانلار ماھىيەتتە قەدىمكى دەۋر ئەمچىلىك ئىشلىرىمىزنىڭ نەقەدەر كەڭرى ئومۇملاشقانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئۆز مىزاجى ھەققىدە بەلگىلىك تونۇشقا ئىگە بولۇپ، ئۆزىنى قانداق كۈتۈش، ئاسراشقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ھەم ھەركىم ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئەمچىسى ئىكەنلىكىنى ھەمدە شۇ دەۋردىكى ئەمچىلىككە ئائىت مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ «دىۋان»دا سۆز ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى شەرھلەش مەزمۇن ئېھتىياجى ئۈچۈن پارچىلانغان ھالەتلەردە مىسال قىلىپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى پەرەز قىلىمىز.

تاماق مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۆزى ئەمچىلىك مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىدۇر. تاماقلارنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلۇق خۇسۇسىيىتى بىلەن بەزى ۋاقىتلاردا يەنە بەزى كىشىلەرگە ماس كەلمەسلىكى بىلەن ئىستېمال جەريانىدا مۇۋاپىق خۇرۇچلار ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتىشنى تەڭشىلىشىنى باشتىن كەچۈرگەن.

تەم تەڭشەلگۈچ ئىشلىتىلگەن تائاملار ئاغرىقلارغا ئىشلىتىپلا قالماي، يەنە ساق كىشىلەرمۇ كۈتۈنۈش داۋامىدا ئوزۇقلانغان. بولۇپمۇ يېمەك - ئىچمەكنىڭ مۇۋاپىقلىقى، قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى تەن ساقلىقىنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىنىڭ بىرى بولغاچ، كىشىلەر ئىچىملىك ۋە تاماقلارغا ھەر خىل قۇۋۋەت قوشقۇچى يەم (تېتىتقۇ) ئوتيەم (دورا - دەرمەك)لەرنى، شۇنداقلا ئوت (دورا)لىق قىممەتكە ئىگە دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقى، قوۋزىقى، مېۋىسى، يىلتىزلىرىنى قوشۇپ تاماقنىڭ ئەسلىي قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ تەن ساقلىقى ۋە ئاغرىقلارنى قۇۋۋەتلەندۈرۈشتە ئىشلىتىلگەن.

## تاماقلارغا قوشۇلىدىغان ئىچىملىكلەر

«دىۋان»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تاماق ئارقىلىق ئاغرىقلارنى ئەملەش جەريانىدا تاماققا قېتىلىدىغان ئوت (دورا) ۋە ئوتيەم (دورا - دەرمەك) يەم (تېتىتقۇ)لارنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم سانالغان.

يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىمىزنى بېيىتىپلا قالماي، يەنە ئەمچىلىك مەدەنىيىتىمىزدە مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بۇ ھەقتىكى بايانلارمۇ «دىۋان»دا تېگىشلىك ئورنىنى تاپقان. بۇ ئىچىملىكلەر تەبىئەتتىن ئېلىنىدىغان تەييار ئىچىملىكلەر. بال، ئەرى ياغى (ھەسەل)، قار، مۇزلار، ئۆسۈملۈكلەردىن ئېلىنىدىغان شېكەر، قولدا بېقىلغان ھايۋاناتلارنىڭ سۈتى يېغى ۋە سۈتىدىن ئېلىنىدىغان

قېتىق، سۈزمە، قۇرۇت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ ئىچملىكلەر تاماقلارغا قوشۇلۇپ، يەم، ئوتيەم (تېتىتقۇ، دورا-دەرمەك) رولىنى ئۆتەپلا قالماي، يەنە ئەسلىي پېتى ئىستېمال قىلىنىپ، ئاغرىقلارنى ئەملەشتە ئىشلىتىلگەن. بۇ ئىچملىك ۋە يەملەر ئۆز تەبىئىتى بويىچە پەرقلەندۈرۈلۈپ ئىستېمال قىلىنغان.

«يەم-تېتىتقۇ»لار ئاساسەن تاماقلارغا قېتىلىش ئارقىلىق تاماقنىڭ تەمىنى تەڭشەش، رەڭ قوشۇش، قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئاخىرقى ھېسابتا كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار بۇ ماقالىدە «سىركە، ئۈزۈم سىركىسى»⑤ ھەققىدىكى بايانلار بىلەن باشلىنىدۇ. «مانىلدى. ماندى. مىلەندى. ئەتمەك سىركەگە مانىلدى — نان سىركىگە مىلەندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق»⑥ (2-توم، 194-بەت). بۇ ئىزھاتتىكى ئۈزۈم سىركىسىنىڭ ئەتمەك (نان)غا مىلىنىپ يېيىلىشى ئالدى بىلەن ئەتمەككە تەم كىرگۈزۈش، ئاندىن ئەتمەكنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن.

سىركىنىڭ ئەتمەككە قېتىلىپ يېيىلىشىنى قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈنلا دەپ قاراش بىر تەرەپلىمىلىكتۇر. سىركە قوشۇلغان ئەتمەك يەنە ئاغرىغان كىشىلەرنىڭ تۇتۇلغان ئىشتىھاسىنى ئېچىشتىمۇ مۇھىم رولىلارنى ئويناپلا قالماي، يەنە ئوت (دورىلىق) رولىنىمۇ ئۆتىگەن. شۇ دەۋرلەردە ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ كىشىلەر ئەتمەك بىلەن سىركىنى قوشۇپ ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن. «ماندى. تاقدى، ئاستى، ماندى، مىلدى، ئەر تولۇم ماندى — ئادەم جەڭ قوراللىرىنى تاقدى. ئەر ئەتمەكنى سىركىگە ماندى — ئادەم ناننى سىركىگە ماندى. ھەر قانداق نەرسىنى باشقا بىر نەرسىگە بۇلاش ياكى مىلەشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ»⑦ (2-توم، 40-بەت).

«دىۋان»دا بىر قىسىم مېۋە ۋە ئۆسۈملۈكلەرمۇ تەم تەڭشەشكە ئىشلىتىلگەن. ئەمما يەنىلا قېتىققا قوشۇلۇش ئارقىلىق تەمى تەڭشەلگەن. «قات، ھەممە تىكەنلىك دەرەخلەردە بولىدىغان مېۋە. سىنچىغان قاتى-قارىقات ياكى قىزىلقات. ئۇنى سىقىپ قېتىققا ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن رەڭ بېرىش ئۈچۈن تۇتماچقا قوشىدۇ. يەمەك، قىپچاق، قاي، تاتار، چۇمۇل قەبىلىرىنىڭ تىلىدا ھەر قانداق دەرەخ مېۋىسى ‹قات› دېيىلىدۇ»⑧. مەزكۇر بایاندىن مېۋە سۈيلىرىنىڭمۇ تاماقلارغا تېتىتقۇ بولۇپ، تەم تەڭشەشكە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى مەلۇم بولىدۇ. ئەڭ مۇھىم بىر بايان شۇكى، ھازىرقى كۈنىمىزدىكى سىرتتىن كىرگەن «سالات» ئاتالغۇسىدا ئومۇملاشقان، قېتىق بىلەن مېۋە ئارىلاشتۇرمىسىدىن ياسىلىدىغان يېمەكلىك بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن 1000 يىللار بۇرۇنلا ئىستېمال قىلىنغان ۋە يېمەكلىك قاتارىدا يېيىلىپلا قالماستىن، مىزاج تەڭشەش ئىشلىرىدىمۇ ئىشلىتىلگەن.

تەم تەڭشەشتە يەنە دەرەخلەرنىڭ، يەنى ئوت (دورىلىق) خۇسۇسىيەتكە ئىگە دەرەخلەرنىڭ قوۋزاقلىرىمۇ ئىشلىتىلگەن. «تاغنا ياۋا — كاسىن دەرىخىنىڭ پوستى. بەزى كېسەللەرگە دەۋا بولىدۇ. قېتىققا ئارىلاشتۇرۇپ، سۈيۇقاشقا سالسا، ئاشنىڭ رەڭگى تۈزۈلىدۇ»⑨. ھازىرقى كۈندىمۇ مەيلى يېمەكلىككە تەم تەڭشەشتە بىر قىسىم دورىلىق دەرەخ ۋە يېمەكلىكلەرنىڭ قوۋزاقلىرى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ قەدىمدىن داۋاملىشىۋاتقان، سىناقتىن ئۆتكەن ئەمەلىيلىك ئىشلىرىمىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشقا بەكلا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

«دىۋان»دا بايان قىلىنغان، ئىچىملىكلەر ئىچىدە دورىلىق ۋە تېتىتقۇلۇق رولىنى ئۆتەيدىغان ئىچىملىكتىن ئەمەلىيەتتە كۆپرەك تىلغا ئېلىنىدىغىنى قېتىق ۋە سۈتتۇر.

«قاتىق. قېتىق»⑩ ۋە قېتىقتىن ئېلىنغان «سۈزمە. قېتىق سۈزمىسى»⑪ مۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. قېتىق كۆپ ھاللاردا سىركە بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئىشلىتىلىش جەھەتتە قېتىق بىلەن سىركە ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇلۇپ باشقىچە بىر تېتىتقۇ تەييار قىلىنىدىغانلىقى «دىۋان»دىن مەلۇم. «قاتتى. قوشتى. ئول سىركەنى يوغۇرۇتقا قاتتى — ئۇ سىركىنى قېتىققا قاتتى. ھەرقانداق نەرسە باشقا نەرسىگە قېتىلسىمۇ (ئارىلاشتۇرۇلسىمۇ) شۇنداق دېيىلىدۇ»⑫. بۇ بايان بىزگە يەنە نەرسىلەرنىڭ ئارىلاشتۇرۇلۇشتىن باشقا ئوت (دورا)لارنىڭ ئۆزئارا مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇلۇپ مۇرەككەپ ئوت (دورا)لارنىڭ ياسىلىشى ھەققىدىمۇ بەزى پەرەزلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. قېتىق ئاتالغۇسى يۇقىرىقى «قاتتى» سۆزىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، «قاتىق، قېتىق، تۇتماچ (چۆپ)قا قېتىلىدىغان قېتىق، سىركە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر»⑬ دېگەن ئۇچۇر قېتىق بىلەن سىركىنىڭ بىرلىكتە تاماقلارغا تېتىتقۇ بولۇپ ئىشلىتىلىدىغانلىقىدىن باشقا يەنە تاماققا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قېتىلىدىغان سىركە ۋە باشقىلارنىڭمۇ «قاتىق-قېتىق» ئاتالغۇسىدا ئاتىلىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

بۇ جەرياندا قېتىق تاماقنىڭ ئەسلىي خۇسۇسىيىتىنى مۇۋاپىق ئۆزگەرتىشتە كەم بولسا بولمايدىغان خۇرۇچقا ئايلانغان. «سىم-سىمراق، بىر خىل تاماق. باش پىشۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇششاق توغرۇلۇپ، دورا-دەرمەك ئارىلاشتۇرۇلۇپ بىر قاچىغا سېلىنىدۇ. ئۈستىگە ئاچچىق قېتىق قۇيۇلۇپ سىڭىشكەندىن كېيىن يېيىلىدۇ» ⑭، «تاغنا. تاغنا ياۋا-كاسىن دەرىخىنىڭ پوستى. بەزى كېسەللەرگە داۋا بولىدۇ؛ قېتىققا ئارىلاشتۇرۇپ، سۈيۈقاشقا سالسا، ئاشنىڭ رەڭگى تۈزۈلىدۇ» (9-ئىزاھ بىلەن ئوخشاش) بۇ ئىككى ئۇچۇردا قېتىق ئوتيەم (دورا-دەرمەك)ئوت (دورا) قاتارلىقلارغا قېتىلىپ (پەقەت تاماق ئىستېمالىدىلا) ئەسلىدىكى تاماق ۋە قېتىلغان خۇرۇچلارنىڭ تېخىمۇ كۈچلىنىشىدە مۇھىم روللارنى ئويناپلا قالماي، يەنە تاماق تەركىبىدىكى مايىنى پارچىلاشتا مۇھىم روللارنى ئوينىغان.

سۈت ۋە قېتىقنىڭ ئوت (دورا)لىق رولىغا مىسال سۈپىتىدە تۆۋەندىكى ئۇچۇرنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. «ئىپرۇك، قېتىق بىلەن سۈت ئارىلاشمىسى، قۇرۇت ئېزىلىپ ئىچكەنلىكتىن ئىچى قېتىپ قالغان ئادەمگە ئىچىنى سۈردۈرۈش ئۈچۈن ئىچكۈزىدۇ»⑮. مەزكۇر باياندىن قېتىق بىلەن سۈت ئارىلاشمىسى ئىپرۇكنىڭ ئاغرىقلارنىڭ ئىچىنى سۈردۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان ئوت (دورا) ئىكەنلىكىدىن باشقا يەنە، قېتىقتىن قىلىنىدىغان قۇرۇتنىڭ ئىچ سۈرۈپ قىلىشقا ئۈنۈملۈك رولى بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى مىسال سۈتتىن قېتىق تەييارلاش، قېتىقتىن سۈزمە، قۇرۇت تەييارلاش ئارقىلىق بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىچ ئۆتكۈر ئاغرىقى بىلەن ئىچى قېتىپ قېلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قالتىس بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر قالدۇرغان.

سۈتنىڭ تاماقلارغا قېتىلىشى ھەققىدە «بۇخسى. بىر خىل يېمەكلىكنىڭ ئىسمى. بۇ يېمەكلىك مۇنداق تەييارلىنىدۇ: قاينىتىپ ئېلىنغان بۇغداينىڭ ئۈستىگە بادام مېغىزى سېلىنىدۇ، ئاندىن ھەسەل ۋە سۈت بىلەن قىلىنغان بۇلماقنى قويۇپ، شۇ پېتى ئېچىتىلىدۇ، تەييار بولغاندا بۇغدىيى يېيىلىدۇ، سۈيى ئىچىلىدۇ»⑯.

### قار-مۇز قوشۇلىدىغان ئوت (دورا)لىق تائاملار

ئاغرىغۇچىدا ئىسسىق ئۆتۈش، قاتتىق قىزىش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلگەندە ئالدى بىلەن بەدەندىكى قىزىتمىنى ياندۇرۇش، ئاغرىغۇچىنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا سوغۇق ۋە سوغۇققا مايىل يېمەك، خۇرۇچلارنى ئىشلەتكەن. ئەمچىلەر ۋە كىشىلەر دائىم كۆرۈلىدىغان ئاغرىقلارغا كۆپ ئۇچراپ تۇرغاچ، بەزى تەييارلىقلار مۇددەتتىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلىپ كېرەكلىك خۇرۇچلار ئالدىن تەييارلىنىشقان. جۈملىدىن قىش كۈنى قار ۋە مۇزلار ئەمچىلەر ۋە كىشىلەرنىڭ يەر ئاستى ئامبارلىرىغا توشۇلۇپ، ياز كۈنلىرى ئىشلىتىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىشقان. بۇ خىل قار، مۇزلارنىڭ تەييارلىنىشى ۋە ياز كۈنلىرىدە ئىشلىتىلىش ئەھۋالى «سوغۇقلۇق، سوغۇقلۇق نەرسە سوغۇقلۇق ئۈچۈن تەييارلانغان نەرسە»⑰ دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئالاھىدە ئىزاھلانغان.

«دىۋان»دا ئىسسىق ئۆتكەن كىشىلەرنى ئەملەش ئۈچۈن بېرىلىدىغان ، سوغۇقلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە خۇرۇچلار قوشۇلغان تائاملاردىن «ئۇۋا، بىر خىل غىزا، گۈرۈچ قاينىتىلىپ سوغۇق سۇغا سېلىنىدۇ. كېيىن سۈزۈۋېلىپ شېكەر ۋە مۇز سېلىنىدۇ. بۇ غىزا سوغۇقلۇق ئۈچۈن بېرىلىدۇ»⑱، بۇ ئىزھاتتا سوغۇق سۇ ۋە مۇزلارنىڭ كىشىلەرنىڭ قىزىتمىسىنى ئەملەش جەريانىدىكى رولى ئالاھىدە بايان قىلىنغان. يەنە بەزىدە تاماقلارغا قار ۋە مۇزلاردىن باشقا يەنە كېرەكلىك ئوتيەم (دورا، دەرمەك)لەر قوشۇلۇپ، تېخىمۇ تەڭشىلىپ ئىشلىتىلگەن. «لېتۇ، بىر خىل سۈيۈق تاماق. سۇ، قار، مۇزغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن سوۋۇتۇلىدۇ. ئىچىگە دورا-دەرمەك سېلىنىپ سوغۇقلۇق ئۈچۈن بېرىلىدۇ»⑲ مەزكۇر بايان ئېھتىمال، سوغۇقلۇق قىلىشقا جىددىي ئېھتىياجلىق ئەمما قار-مۇزلار زىيان قىلىدىغان بەزى ئاغرىقلارغا، جۈملىدىن نەپەس يولى، ئۆپكىدە مەسىلە بارلارغا ئاۋۋال تاماققا قار-مۇز قوشۇپ سوغۇقلۇقنى ئاشۇرۇپ، ئاندىن قار، مۇز تەركىبىدىكى بەزى زىيانلىق تەرەپلەرنى چىقىرىش، ئاغرىغۇچىنىڭ بەدىنىگە ماسلاشقان مۆتىدىل ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يەنە مۇۋاپىق ئوتيەم (دورا-دەرمەك) لەرنى قوشىدىغانلىقى مەلۇم. بۇ خىل تاماق ئىستىما ياندۇرۇش ۋە بەدەن قۇۋۋەتلەشتەك قوش ئۈنۈمگە ئىگە بولسا كېرەك.

### شېكەر قوشۇلىدىغان ئوت (دورا)لىق تائاملار

«دىۋان»دا ئەمچىلىكتە كەم بولسا بولمايدىغان،

تائاملارغا قوشۇلۇپ، ئاغرىقلارغا بېرىلىدىغان، ھەم سو-
غۇقلۇق، ھەم قۇۋۋەتلەندۈرۈش رولىغا ئىگە شېكەر ھەق-
قىدىمۇ نۇرغۇن مەلۇماتلارنى بېرىدۇ». «يانداق. يانتاق.
ياندا تىكەن، ياندا چەكرى ــــ يانتاق شېكرى،
تەرەنجۇبىل»[20]. بۇ مەلۇمات بىزگە يانتاق شېكرىدىن
شېكەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۈركىي قوۋملار ئارىسىدىمۇ
بارلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. شېكەر تا-
ماقلارغا قېتىلىش ئارقىلىق مەلۇم ئۇنۇملەرگە ئېرىشىشتە
مۇھىم روللارنى ئوينىغان. «ئۇۋا. ئىچىگە شېكەر ئۇۋۇ-
لۇپ سېلىنىدىغان بىر خىل غىزا»[21] شېكەر سوغۇقلۇق قى-
لىشتا ئىشلىتىپلا قالماي يەنە قۇۋۋەتلەندۈرۈشتىمۇ كەم
بولسا بولمايدىغان خۇرۇچ ھېسابلانغان. شېكەر كۆپ ھال-
لاردا ياغ بىلەن بىرلىكتە قوشۇپ ئىستېمال قىلىنغان.
«ئۇسپۆرى. قوقاسقا سېلىنىپ پىشۇرۇپ ئېلىنغاندىن
كېيىن، توغراپ ياغقا سېلىنىپ، ئۈستىگە شېكەر سېپىپ يې-
يىلىدىغان يېمەكلىك»[22]، «قاغۇت، تېرىقتىن قىلىنىدىغان
بىر خىل تاماق، ئۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى مۇنداق: تېرىق
ئاۋۋال قايىنتىلىپ كېيىن قۇرۇتۇلىدۇ. ئاندىن تۈگمەندە
تارتىپ ئۇن قىلىنىدۇ ئاندىن كېيىن ياغ ۋە شېكەر ئارى-
لاشتۇرۇلۇپ، تۇغۇتلۇق ئاياللارغا بېرىلىدۇ»[23]. بۇ تا-
ماقنىڭ يەنە بىر خىل نامى ھەققىدە «قاۋۇت، قاغۇت
دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۇغۇتتا خۇنسىرىغان ئاياللارغا بېرىلىدى-
غان تاماق. قۇرۇتۇلغان تېرىق ئۇننى ياغ بىلەن شېكەر-
گە ئارىلاشتۇرۇپ يېيىلىدۇ»[24] (3- توم، 223- بەت). بۇ
مەلۇمات شېكەر ۋە ياغ قوشۇلغان تالقانلارنىڭ تۇغۇتتا
بەدەن ئاجىزلاپ، خۇنسىراپ كەتكەن ئاياللارغا ئالاھىدە
بېرىلىشىدىن قەدىمي ئەمچىلىكتە شېكەرنىڭ قان تولۇق-
لاش جەھەتتىمۇ ئىشلىتىلىدىغانلىقى مەلۇمدۇر. «دىۋان»دا
شېكەر ئىشلىتىلىدىغان تائاملاردىن يەنە «قارا ئەتمەك،
گۆش ئېزىلغۇچە پىشۇرۇلۇپ ئۈستىگە ياغ ياكى شېكەر
سېلىنىپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغىچە قايىنتىلىدۇ، ئاندىن
يېيىلىدۇ»[25] بىلەن «قۇيما. قۇيماق خېمىر سۇيۇق يۇغۇ-
رۇلۇپ قازاندىكى ياغقا سېلىنىپ پىشۇرۇلىدۇ، ئاندىن
ئۈستىگە شېكەر سېلىنىپ يېيىلىدۇ»[26] مۇ تىلغا ئېلىنىدۇ.
بۇ بايانلار بىزگە قەدىمي دەۋر ئەمچىلىكىمىزدە شېكەر
بىلەن ياغنىڭ ئىستېمال قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات
بېرىپلا قالماي، يەنە شېكەر ۋە ياغقا مۇناسىۋەتلىك بىزگە
نامەلۇم بولغان يەنە نۇرغۇن رېتسېپلارنىڭ بارلىقى ھەقق-
ىدە پەرەزلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

**ئەمچىلىكتە مۇھىم دەپ قارالغان بىر نەچچە خىل تاماق**

«دىۋان»دا ئەمچىلىك ئىشلىرىدا ئالاھىدە تىلغا ئې-
لىنغان تاماقلار ئىچىدە سۇيۇق ۋە شۇنىڭغا يېقىنراق تا-
ماقلار ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. سۇيۇق تاماقلارنىڭ ئەمە-
لەشتە ئىشلىتىلىشى ھەققىدە «سارماچۇق، قۇشقاچ تىلى
ئاش، سۇيۇقاشنىڭ بىر تۈرى بۇنىڭ مېغىزى نۇقۇت
چوڭلۇقىدا كېسىلىدۇ. بۇ ئاش كېسەل ۋە شۇنىڭغا
ئوخشاش كىشىلەرگە بېرىلىدۇ»[27] دەپ ئالاھىدە توختىلى-
دۇ. بۇ خىل تاماقلارغا قوشۇلىدىغان خۇرۇچلار تۇغ-
رىسىدا، «ياۋا، ئاق تىكەن بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ
سۆيىنى تۇتماچقا قويسا تۇتماچقا رەڭ بېرىدۇ»[28] بۇ
خىل ئەھۋال تۇتماچنىڭ رەڭگىنى كۆركەم قىلىپ تېخىمۇ
يېيىشلىك بولۇشى ئۈچۈن بولسا كېرەك. تاماقنىڭ رەڭگى-
نى تۈزەش ئۈچۈن يەنە «تاغناياۋا»مۇ ئىشلىتىلگەن.
«تاغنا ياۋا، كاسنى دەرىخىنىڭ پوستى، بەزى كېسەللەرگە
شىپا بولىدۇ. قېتىقتا ئارىلاشتۇرۇلۇپ سۇيۇقاشقا سالسا
ئاش رەڭگى تۈزۈلىدۇ» (9- ئىزاھ بىلەن ئوخشاش)مۇ
ئىشلىتىلگەن. مېۋە سۆيى ئىشلىتىلىدىغان تاماقلار يەنىلا
سۇيۇق تاماقلاردىن بولۇپ، «ئاۋۇلقۇ، قىزىل مېۋە بې-
رىدىغان بىر خىل دەرەخ، مېۋىسىنىڭ سۆيى ئاشقا قۇيۇلى-
دۇ، پوستى بىلەن كۆز ئاغرىقى داۋالىنىدۇ»[29] دېيىلگەن
بايانلاردىن ئاشقا قوشۇلىدىغان مېۋە ياكى دەرەخلەرنىڭ
ئوت (دورا)لىق خۇسۇسىيىتىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلى-
كى مەلۇمدۇر.

بۇ خىل تاماقلار ئىچىدە تۇتماچ مەيلى بەدەننى
قۇۋۋەتلەندۈرۈشتە، مەيلى ئاغرىقلارنى ئەملەشتە بولسۇن
مۇھىم تاماق ھېسابلانغان. بىز مەزمۇن ئېھتىياجى بىلەن
شۇ دەۋردىكى تاماقلارنىڭ ئالدى بولغان تۇتماچ ھەقق-
ىدىكى بايانلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىشنى توغرا تاپتۇق. بۇ
خىل تاماقتا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خۇرۇچلارنىڭ مۇتلەق
كۆپ قىسمى قېتىلىدىغان تاماق بولۇپ، ئوزۇقلۇق قىممى-
تى «دىۋان»دا بايان قىلىنغان ھەرقانداق تاماقلاردىن
مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

**تۇتماچ**

تۈركىي قوۋملار تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆز-
گىچە يېمەك- ئىچمەك مەدەنىيىتىنى ياراتقان ۋە ئۇنى مۇ-
كەممەللەشتۈرۈپ بۈگۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

ئويغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۇ خىل يېمەك - ئىچمەكلەردىن بەزىلىرى ئىستېمال-
دىن قالغان بولسا، بەزىلىرى تۇرمۇش ئادىتىگە ماسلاشتۇ-
رۇلۇپ مۇكەممەللەشتۇرۇلدى ياكى باشقىچە ناملار بىلەن
تا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلدى. قەدىمكى ئەسەرلەردە
تىلغا ئېلىنغان ھەممىدە بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىستېمال قىلىنى-
ۋاتقان بىر قىسىم تائاملىرىمىزدا خۇرۇچ - ماتېرىيالى، ئېتى-
لىش ئۇسۇلى، ئىستېمال قاتلىمى ۋە ئىستېمال رايونى جە-
ھەتتە ئوخشىماسلىق مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى رايو-
نىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا شۇنداقلا قېرىنداش خەلقلەر ئا-
رىسىدا ئوخشاشلا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان بولسا، بەزىلىرى
قىسمەن رايونلاردىلا ساقلىنىپ قالغان. «دىۋان»دا تۇتە-
ماچقا دائىر بايانلار مۇنداق باشلىنىدۇ. «تۇتماچ. چۆپ،
تۈركلەرنىڭ ئاتاقلىق تاماقلىرىدىن بىرى. بۇ تاماق زۇل-
قەرنەين ۋاقتىدا پەيدا بولغانىكەن، ئۇنىڭ جەرياني
مۇنداق ئىكەن: «زۇلقەرنەين قاراڭغۇلۇقتىن چىققاندا،
ئەسكەرلەرنىڭ ئوزۇقى تۈگەي دەپ قالغان، ئۇلار ئاچ-
لىقتىن زۇلقەرنەينگە زارلىنىپ، ‹بىزنى تۇتما ئاچ› دېگەن
مەنىدە ‹بىزنى تۇتما ئاچ› دەپ خىتاب قىلغان ۋە «بىزنى
قويۇۋەت، يۇرتىمىزغا كېتەيلى» دېگەن. زۇلقەرنەين دا-
نىشمەنلەر بىلەن كېڭىشىپ ئاخىر مۇشۇ تاماقنى تاپقان. بۇ
تاماق بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىپ، يۈزنى قىزارتىدۇ ۋە قور-
ساقتا ئۇزاق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى يەپ، شورپىسىنىمۇ
ئىچىدۇ. تۈركلەر بۇ تاماقنى كۆرۈپ ‹تۇتماچ› دەپ ئاتا-
غان. بۇنىڭ ئەسلى ‹تۇتما ئاچ› بولۇپ، ئىككى ‹ I -
ئېلىف› نىڭ بىر قىلىپ ئوقۇلۇشى نەتىجىسىدە «تۇتماچ»
بولۇپ قالغان، بۇنىڭ مەنىسى ‹ئۆزۈڭنى ئاچ تۇتما،
مۇشۇ تاماقنى قىلىپ يە› دېمەكتۇر»30.

مەزكۇر تاماق كېلىپ چىقىشى جەھەتتە ئاچ قالغان
ئەسكەرلەرنى تويغۇزۇش ئۈچۈن ئېتىلگەن دەپ رىۋايەت
قىلىنسىمۇ، ئەمما «دىۋان»دا بۇ تاماققا ئائىت بايانلاردىن
ئىنتايىن تۆجۈپلەپ تەييارلىنىدىغان، خۇرۇچلىرى، ئوتېيم
(دورا- دەرمەك)لەر قوشۇلۇش ئارقىلىق ۋايىغا يېتىدىغان
تاماق ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ، ھەرگىزمۇ قورساق تويغۇ-
زۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ياخشى تۇرمۇشتىن ھوزۇر-
لىنىش جەريانىدا ئېتىلىدىغانلىقى مەلۇمدۇر ھەمدە ئاغرد-
غان، تېنى ئاجىزلىغان كىشىلەر كۈتۈنۈش جەريانىدا
مەخسۇس تەييارلىنىدىغانلىقىمۇ مەلۇمدۇر. «دىۋان»دا
تىلغا ئېلىنغان تاماقلار شۇنچە كۆپ بولسىمۇ تەپسىلىي
بايان قىلىنىشى جەھەتتە ھېچقايسىسى تۇتماچقا يەتمەيدۇ.
ئېتىلىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان خۇرۇچلار، سايمان،
جابدۇقلار، ئېتىلىش جەريانلىرى ھەققىدە قۇرلار مۇنداق
مەلۇماتلار بىلەن بېزىلىدۇ. «چۆپ: تۇتماچ. چۆپ ئېتىش
ئۈچۈن تەييارلانغان يۇپقا كەسمىنىڭ ھەر بىرى»31،
«تۇغرادى. تۇتماچ ئۈچۈن گۆش توغرادى»32، دېگەن
بايانلار تۇتماچقا كېرەكلىك خېمىر بىلەن گۆشنىڭ تەييار
بولۇشىدىن خەۋەر بەرسە، «بۇلغادى: ئارىلاشتۇردى. ئۇ
قازاندىكى تۇتماچنى (چۆپنى) ئارىلاشتۇردى»33. تۇت-
ماچنىڭ پىشۇرۇلۇشىدىن «سارمالدى: سوزۇلدى. تۇتماچ
سوزۇلدى»34، «سەرمەتتى: سوزدۇردى. تۇتماچنى
سوزدۇردى»35، قازاندىن سۈزۈلۈشىدىن، «چوۋلى:
چويلا. تۇتماچ (چۆپ) سۈزۈلىدىغان چويلا، ئۇ ھۆل چە-
ۋىقلاردىن چۆمۈچ شەكلىدە توقۇلىدۇ»36 ۋە «سىش:
زىق، زىقچە، تۇتماچ چۆپلىرىنى ئىلىدىغان زىقچە»37 دې-
يىلگەن مەلۇماتلار تۇتماچنى سۈزىدىغان، «شىش: چوكا.
تۇتماچ يەنى چۆپ قىسىدىغان ئەسۋاب»38. تۇتماچنى
يېيىش ئۈچۈن كېرەكلىك ئەسۋابنىڭ بارلىقى ھەققىدە مە-
لۇمات بېرىدۇ. بۇ تاماق ھەققىدىكى كىشىنى ئەڭ جەلپ
قىلىدىغان مەلۇمات تۇتماچقا قېتىلىدىغان، تەمنى تەڭشەپ،
قۇۋۋەتنى ئاشۇرىدىغان خۇرۇچلاردا ئىپادىلىنىدۇ،
«قاتىق، قېتىق. تۇتماچ (چۆپ)قا قېتىلىدىغان قېتىق
سىركە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر» (13 - ئىزاھ بىلەن
ئوخشاش)، بۇ تاماققا قېتىق ۋە سىركە قېتىلىپلا قالماي
يەنە باشقىلارمۇ قېتىلغان، «ياۋا، ئاق تىكەن بىر خىل
ئۆسۈملۈك بولۇپ سۈيىنى تۇتماچقا قويسا تۇتماچقارەك بې-
رىدۇ (28 - ئىزاھ بىلەن ئوخشاش) «قات. ھەممە تىكەنلىك
دەرەخلەردە بولىدىغان مېۋە. ئافلغۇ قاتى — قۇرۇم دەرد-
خىنىڭ (بۇ چىنارغا ئوخشاش ئۆسىدىغان، تىكەنلىك مېۋىسى
بار بىر خىل دەرەخ) مېۋىسى. سىنچغان قاتى- قارىقات
ياكى قىزىلقات. ئۇنى سىقىپ قېتىقا ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن
رەڭ بېرىش ئۈچۈن تۇتماچقا قوشىدۇ.» (8 - ئىزاھ بىلەن
ئوخشاش).

يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى
«دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان تۇتماچ، يەنى ھازىرقى نارىن
چۆپ شۇ دەۋرلەردە ئېتىلىش ئۇسۇلى ۋە خۇرۇچلارنىڭ
ئۆزگىچىلىكى بىلەن پۈتكۈل تۈركىي قوۋملارنىڭ ئەڭ
ئېسىل تامىقى سانالغان.

«دىۋان»دا بۇ تاماقنىڭ بارلىققا كېلىش جەرياني
ئىسكەندەر زۇلقەرنەينگە باغلانغان، «دىۋان»دىكى

مەلۇماتلارغا قارىغاندا تۇتماچ مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىگە كەلگەندە ئېتىلىشى مۇرەككەپ، قول تۇتىدىغان، قېتىق، سىرگە، ئاق تىكەن سۈيى، ئافلغۇ قاتى، سىنچغان قاتى قاتارلىقلارنىڭ سۈيى قوشۇلۇپ، ئىنتايىن تەملىك، قۇۋۋەتلىك، ئەزىز مېھمانلارغا ۋە مۇھىم مۇراسىملاردا ئېتىلىدىغان بىر تائامغا ئايلانغان، بۇ قۇۋۋەتلىك تاماققا قېتىلىدىغان دەرەخ ۋە مېۋە سۈيلىرىنىڭ ئەمچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن، تۇتماچنىمۇ ئاغرىقلارغا بېرىلىدىغان ئەڭ قۇۋۋەتلىك تاماق دەپ قاراشقا تامامەن بولىدۇ. چۈنكى، يەنى تۇتماچ ئۇزۇقلۇق مول بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كەڭ تارقىلىپ، ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيەلىك ئورۇنلاردا ياشاۋاتقان ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئوخشىمىغان كىشىلەر ئارىسىدا ھەر خىل شەكىلدە ئېتىلگەن.

«دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان يۇقىرىقى مەلۇماتلار ئوتتۇرا ئەسىر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىمىزنىڭ يارقىن خاتىرىلىرى بولۇشتىن باشقا يەنە ئەمچىلىك ئىشلىرىمىزنىڭمۇ بەزى تەرەققىياتتىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ ئۇچۇرلار مەھمۇد كاشغەرىي ياشىغان دەۋردە ئەمچىلىك رىساللىرى ۋە تاماق رىساللىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر. بۇ رىساللەر ئەل ئارىسىدا كەڭرى تارقىلىپ، ئەل ئىچى ئەمچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى بېيىتقان ۋە ئىلگىرى سۈرگەن.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار.**

مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لوغەتىت تۈرك»، 1-توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىلى ئۇيغۇرچە 1-نەشرى.

مەشغەرىي كاشغەرىي: «دىۋانۇ لوغوتىت تۈرك»، 2-توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىلى ئۇيغۇرچە 1-نەشرى.

مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانو لوغوتىت تۈرك»، 3-توم، 52-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىلى ئۇيغۇرچە 1-نەشرى.

**ئىزاھاتلار:**

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لوغۇتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 3-توم، 331-بەت.

②، ③، ④، ⑤ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 1-توم، 640-، 212-، 577-560-بەتلەر.

⑥، ⑦ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل، ئۇيغۇرچە 1- نەشرى، 2-توم، 194-، 40-بەتلەر.

⑧ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 3-توم، 201-بەت).

⑨، ⑩، ⑪ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل، ئۇيغۇرچە 1- نەشرى، 1-توم، 565-، 564-، 496-بەتلەر.

⑫ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 2-توم، 431-بەت.

⑬ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 1-توم، 496-بەت.

⑭ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 3-توم، 187-بەت.

⑮، ⑯، ⑰، ⑱ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 1-توم، 137-، 551-، 655-، 121-بەتلەر.

⑲، ⑳ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل، ئۇيغۇرچە 1- نەشرى، 3-توم، 327-، 59-بەتلەر،

㉑، ㉒، ㉓ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل، ئۇيغۇرچە 1- نەشرى، 1-توم، 13-، 192-، 528-بەتلەر.

㉔، ㉕، ㉖ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 3-توم، 223-، 207-، 239-بەتلەر.

㉗ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 1-توم، 683-بەت).

㉘ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 3-توم، 33-بەت).

㉙، ㉚ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 1-توم، 637-، 590-بەتلەر.

㉛، ㉜، ㉝ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 3-توم، 165-، 379-، 394-بەتلەر.

㉞، ㉟ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 2-توم، 337-، 511-بەتلەر.

㊱، ㊲ مەھمۇد كاشغەرىي. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل، ئۇيغۇرچە 1- نەشرى، 3-توم، 599-، 173-بەتلەر.

㊳ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 2-توم، 411-بەت.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى، پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا)

MIRAS

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پروفېسسور گېڭ شىمەننىڭ جۇڭگو ئۇيغۇرشۇناسلىققا قوشقان تۆھپىلىرى ھەققىدە



ئىمىن تاجى تۇرگۇن

پروفېسسور گېڭ شىمەن جۇڭگودىكى تۈركولوگىيە، ئۇيغۇرشۇناسلىق ۋە قازاقشۇناسلىق ئىلىملىرىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى. خەلقئارادا كۆزگە كۆرۈنگەن مۇتەخەسسىس، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى. ئۇ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا يۇقىرى پەنلەر بويىچە ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە جۇڭگو تۈركىي تىللار جەمئىيىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو ئالتاي تىللىرى جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي باشلىقى، جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي باشلىقى، جۇڭگو قەدىمكى ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو مىللەتلەر ئەدەبىيات جەمئىيىتى، جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتى، جۇڭگو ‹قۇتادغۇبىلىك› تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى ئالتايشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزىنىڭ پەخرىي مۇدىرى، جۇڭگو ‹شىنجاڭ ئومۇمىي تارىخى› پەخرىي ھەيئىتى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ چوڭ تىپتىكى مەجمۇئەسى ‹تۈركىي مىللەتلىرى›نىڭ تەھرىر ھەيئىتى، خەلقئارا مانى دىنىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي مەسلىھەتچىسى، ئامېرىكا خارۋاد ئۇنىۋېرسىتېتى «تۈركىي ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ مەسلىھەتچىسى، تۈركىيە «تۈركىي تىلى تەتقىقاتى»، «ھازىرقى زامان تۈرك تىلى تەتقىقاتى»، «تۈركشۇناسلىق» قاتارلىق ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ مەسلىھەتچىسى، بېيجىڭ چەت ئەل تىلى ئۇنىۋېرسىتېتى «ئاسىيا-ئافرىقا تەتقىقاتى ژۇرنىلى»نىڭ مەسلىھەتچىسى قاتارلىق بىر قاتار قوشۇمچە ئىلمىي ۋە پەخرىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 2000-يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تىل تەتقىقات جەمئىيىتى تەرىپىدىن

ئاتاقلىق ئەزا شەرىپىگە ئېرىشكەن (ئاكادېمىك ئۇنۋانىغا باراۋەر).

گېڭ شىمىن 1929 - يىلى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جياڭسۇ ئۆلكىسى شۈجۇ شەھىرى تۇڭشەن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، 1949 - يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىدا ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگەن. 1952 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپ، ئىنستىتۇتلارنى تەڭشەلگەندە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا بۆلۈنگەن. 1953 - يىلى مەكتەپ پۈتكۈزۈپ، ئانا مەكتىپىدە قېپقالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تۇنجى ئەۋلاد مىللەتلەر ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ 1953 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا دۆلىتىمىزدىكى تۇنجى قازاق تىلى كەسپىنى تەسىس قىلغان. 1965 - يىلى دۆلىتىمىزدە تۇنجى ئىلمىي ئاساستا ئالتاي رايونىدىكى بىر قىسىم موڭغۇللارنىڭ قوللانغان تىلىنىڭ تۇۋا تىلى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغان ھەم كۆپ مىقداردا قولىيازمىلارنى خاتىرىلىگەن. 1956 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە ئىلگىرىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسى تېنىشېۋ تەكلىپ بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تۈرك تىلى تەتقىقات سىنىپىغا دەرس ئۆتۈشكە كەلگەندە، ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولغان. 1976 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئالاقىدار رەھبەرلىرىنىڭ ھاۋالىسىدە دۆلىتىمىزدىكى تۇنجى «قەدىمىي تۈرك تىلى - قەدىمىي ئۇيغۇر تىلى كەسپى سىنىپى»نى قۇرۇشقا رىياسەتچىلىك قىلغان. كۆپ يىللار مابەينىدە كۆپلىگەن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن 1992 - يىلى گېرمانىيە ھامبۇرگ فوندى جەمئىيىتى تارقاتقان «خەلقئارا ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر مۇكاپاتى»، 2000 - يىلى خەلقئارالىق ئالتايشۇناسلىق دائىمىي يىغىنى ئالتۇن مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.

ئۇ دۆلىتىمىز ئالىي مەكتەپلىرىدە قەدىمىي تۈرك تىلى ئوقۇش تەتقىقات ئىشلىرىغا باشلامچىلىق قىلغان. 1985 - يىلىدىن باشلاپ قەدىمكى تۈركىي تىلى - قەدىمكى ئۇيغۇر تىللىرى تەتقىقاتى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلارنى قوبۇل قىلغان. 1993 - يىلىدىن باشلاپ دوكتور ئاسپىرانت قوبۇل قىلغان. شىجائەتلىك ئۇستاز، داڭلىق تۈركولوگ گېڭ شىمىن ئەپەندى كېسەل سەۋەبىدىن 2012 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى 83 يېشىدا بېيجىڭدا ئالەمدىن ئۆتتى.

پىروفېسسور گېڭ شىمىن قەدىمكى تۈرك تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى، قازاق، ئۆزبېك تىلى، قارا قالپاق تىلى، تاتار تىلى، تۈرك تىلى قاتارلىق كۆپ خىل قەدىمكى تۈرك تىلىغا پىششىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئىنگلىز تىلى، رۇس تىلى، نېمىس تىلى، فىرانسۇز تىلى، ياپون تىللىرىنىمۇ ئوبدان ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ تەتقىقاتى قازاق تىلى، ئۇيغۇر تىلى، تۇۋا تىلى، سېرىق ئۇيغۇر تىلى، سالا تىلى، قەدىمكى تۈرك تىلىغا ئالاقىدار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قازاق تىلى ۋە قەدىمكى تۈرك تىلى تەتقىقاتىدىكى نەتىجىسى ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولۇپ، قەدىمكى تۈرك تىلى ساھەسىدە دۇنيانىڭ ئالدىنقى سەۋىيەسىگە يەتكەن ھەمدە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ تەتقىقاتى 70 - يىللاردىن كېيىن ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەتكە يەتكەن بولۇپ، قازاق تىلىنى ئاساس قىلغان. 70 - يىللاردىن باشلاپ يېقىنقى زامان تۈرك تىلى، ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان ۋە شىنجاڭ قەدىمكى تارىخ، مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئىشلىرىغا تەڭ ئېتىبار بەرگەن. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان قەدىمكى ئۇۋچىلىق دەۋرىدىكى خوتەن ساك تىلى ۋە توخرىلار تىلى (قەدىمكى كۇچا ۋە قارا شەھەر تىلى)غا ئالاقىدار ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتلار ئېلىپ بارغان.

ئۇ كۆپ قېتىم دۆلەت سىرتىدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تۈركشۇناسلىق، ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق، شەرقشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق مەركەزلىرىدە لېكسىيە ۋە تەتقىقات ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە گېرمانىيە بوئېن ئۇنىۋېرسىتېتى، مىشىن ئۇنىۋېرسىتېتى، فرانكفورت ئۇنىۋېرسىتېتى، ئامېرىكا ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى، فىرانسىيە پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى، ئەنگلىيە لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى، ئاسىيا - ئافرىقا ئىنستىتۇتى، دانىيە كوپىنھاگىن، ياپونىيە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى، تۈركىيە ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىقلار بار.

ئۇ ئۆمۈر بويى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆگىنىش، تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۆمۈر بويى ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكەن ھايات دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. 1953 - يىلىدىن ۋاپات بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، گېرمانچە، ئۇيغۇرچە، قازاق تىللىرىدا «ئۇيغۇر قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ۋەسىقىلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «دۇنخۇاڭ تۈرك قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئالاقە ئىشلىرى نەزەرىيە يېتەكچىسى»،

«ھازىرقى زامان قازاق تىلى گىرامماتىكىسى»، «شىنجاڭنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، «ئۇيغۇر قەدىمكى ۋەسىقىلىرى ھەققىدە»، «مايىترى سىمىت ھەققىدە تەتقىقات»، «ئۇيغۇر ۋە قازاق تىلىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەردىن تاللانما»، «مەڭگۈ تاشلار ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىق 24 پارچە ئىلمىي ئەسەرنى نەشر قىلغان، «قەدىمكى تۈرك تىلى گىرامماتىكىسى»، «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخ ھەققىدە ئومۇمىي بايان» قاتارلىق 21 پارچە تەرجىمە ئەسىرى، 200 پارچىغا يېقىن ئىلمىي مۇھاكىمە ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئالتە پارچە ماقالىسى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى ھەيئەت كومىتېتى ۋە بېيجىڭ شەھىرى تارقاتقان مۇنەۋۋەر تەتقىقات نەتىجىسى بويىچە 1- ۋە 2- نەتىجىگە ئېرىشكەن.

ئۇ بىر ئۆمۈر چىن نىيەت بىلەن ئۆگەنگەن ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان، ئالىم جى شيەنلىن ئەپەندىم ئۇنىڭغا «بېيجىڭدىكى بەش نەپەر ھەقىقىي ئۆلىمانىڭ بىرى» دەپ نام بەرگەن. دۇنيا قەدىمكى تۈركىي ئەدەبىياتىدىكى گېرمانىيەلىك ئۇيغۇرشۇناس ئالىم، پروفېسسور ئاننا مارىيا فون گابائىن خانىم ئۇنىڭغا «ھازىر بىزنىڭ جۇڭگودىكى ئوخشاش كەسىپتىكىلەرمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەققىدە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى ۋە نۇرغۇنلىغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋەكىل خاراكتېرلىكى گېڭ شىمىن پروفېسسورنى ھەقىقىي مەنىدىكى ئەدەبىيەتشۇناس دەپ ئاتاشقا بولىدۇ، بىر قەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئېلان قىلغان ئىلمىي نەزەرىيەۋى ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر قوليازمىلىرى، بۇددىدىنى قوللانغان مانى دىنى ھەمدە ھازىرقى زامان قازاق تىلىغا ئالاقىدار بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈرك تىلى ئەدەبىياتى ھەققىدىكى بىلىمىمىزنى بېيىتتى» دەپ باھا بەرگەن. گېرمانىيەلىك ئالىم پېتېر سىمەمۇ «پروفېسسور گېڭ شىمىن ۋە قەدىمكى تۈركولوگىيە» ناملىق ماقالىسىدە ئۇنىڭ جۇڭگو ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىغا قوشقان تۆھپىلىرىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ تەتقىقاتچىسى ئىسرائىل يۈسۈپ ئۇنىڭغا «تۈز، گېپى ئوچۇق، نام-ئاتاق قوغلاشمايدىغان پەزىلەت ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەي ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئىزدىنىش روھى بىلەن ئىلمىي تەتقىقاتتىكى ئېھتىياتچان، ئەمەلىيەتچىل پوزىتسىيەسىگە ئىلىم ساھەسىدىكىلەر، جۈملىدىن ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بەكمۇ قايىل» دەپ باھا بەرگەن.

ئۇ ئاسپىرانت ۋە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا «قەدىمكى تۈرك تىلى تاللانما ئوقۇشلۇقى»، «قەدىمكى تۈرك تىلى گىرامماتىكىسى»، «غەربىي يۇرت قەدىمكى تارىخ مەدەنىيىتى»، «قەدىمكى غەربىي يۇرت ئەدەبىياتشۇناسلىقى»، «چاغاتاي تىلى ۋە قوليازمىلىرى»، «قىپچاق تىلى ۋە قوليازمىلىرى»، «‹تۈركىي تىللار دىۋانى› تەتقىقاتى»، «نېمىس تىلى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى دۆلەتلىك ئىنستىتۇتىدا غەربىي يۇرت خوراسان تىلى ۋە تارىخى تەتقىقاتى تېمىسىدىكى لېكسىيەنى، بېيجىڭ چەت ئەل تىلى ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا-ئافرىقا ئىنستىتۇتى تۈرك تىلى كەسپىگە «دۇنيا تۈركىي مىللەتلەر تارىخى» تېمىسىدا سۆزلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا بىر يېرىم يىل ئىلگىرى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ چەت ئەل تىلى ئۇنىۋېرسىتېتى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى، دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدىن تەشكىل تاپقان تەتقىقاتچىلار قاتناشقان «قەدىمكى تۈرك تىلى ئۆگىنىش سىنىپى»غا رىياسەتچىلىك قىلغان.

بىز ئۇنىڭ پۈتۈن ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات پائالىيەتلىرىنى بىر قۇر ئەسلەيدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئىلىم ساھەسىدە توختىماي ئىزدىنىش روھىدىن، چەت ئەللەرنىڭ بۇ ساھەگە دائىر نادىر ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋە بۇ ساھەدە ماگىستېرلار ۋە دوكتورلارنى تەربىيەلەش جەھەتتىكى تۆھپىلىرىنىڭ ھەقىقەتەن كۆپلۈكىنى تونۇپ يېتەلەيمىز. مېنىڭچە ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ دەپ قارايمەن.

**تۈركولوگىيە ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىققا دائىر تەتقىقات نەتىجىلىرى**

تۈركولوگىيە يېقىنقى 300 يىلدىن بۇيان چەت ئەللەردە ، بولۇپمۇ ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەردە قىزغىن تەتقىق قىلىنغان پەن ساھەلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. ياۋروپادا تۈركولوگىيەنىڭ تېز سۈرئەت ۋە كەڭ كۆلەمدە تەتقىق قىلىنىشىدا شۇ ئەللەرنىڭ تۈركىي تىللىق مىللەتلەر

جايلاشقان جۇغراپىيەلىك جايلارغا بولغان مۇستەملىكچى-
لىك غەرىزى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ
جەھەتتە ياۋروپا 200 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بۇ پەن سا-
ھەسىدىكى تەتقىقاتتا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ
كەلگەن، بۇ جەھەتتە جۇڭگو بۇ قەدەمگە نىسبەتەن كېيىن
قەدەم ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ پەن ساھەسىدە ھازىر
خېلى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر-
شۇناسلىق تۈركولوگىيەنىڭ ئەڭ مۇھىم تارماق پەنلىرى-
دىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ساھەدىمۇ كۆزگە كۆ-
رۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ جەھەتتە جۇڭ-
گودىكى تۈركولوگىيە ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تەرەققىي قى-
لىشىدا پىروفېسسور گېڭ شىمىننىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى
ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ.

گېڭ شىمىن ئەپەندى 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن
باشلاپ ئۇيغۇرلارغا دائىر «ئوغۇزنامە» (ئۇيغۇرچە مەتى-
بۇئاتلاردا بۇ كىتاب «ئوغۇزنامە»، «ئوغۇزخان رىۋايى-
تى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالماقتا — تەرجىماندىن ئىزا-
ھات، تۇرسۇن ئايۇپ بىلەن بىللە نەشرگە تەييارلىغان،
بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980-يىلى نەشرى)، «قە-
دىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن تاللانما» (ئۈرۈمچى،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982-يىلى نەشرى)، «ئۇي-
غۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ۋەسىقىلىرى ھەققىدە
قىسقىچە بايان» (ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،
1983-يىلى نەشرى)، «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى
تۈرك، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ھەققىدە ئومۇمىي
بايان» (تەيۋەن، شىن ۋېنفىڭ نەشرىيات شىركىتى، 1994-
يىلى نەشرى)، «ئورخۇن-يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ
تىلى ھەققىدە تەتقىقات» (ئابدۇرېشىت ياقۇپ بىلەن ھەم-
كارلاشقان، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى،
1999-يىلى نەشرى)، «‹مايترى سىمىت› تەتقىقاتى»،
ئىككى توم بولۇپ گېرمان تىلىدا نەشر قىلىنغان، خانىس
يوئاخىم كلىمكېيت بىلەن ھەمكارلاشقان، ۋىسبادېن،
1988-يىلى نەشرى)، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا
دىنىدىكى بىر خىل ۋەھىينامە ھەققىدە تەتقىقات»، خانىس
يوئاخىم كلىمكېيت ۋە يېنس پېتېر لائۇتلار بىلەن ھەم-
كارلاشقان، گېرمان تىلىدا نەشر قىلىنغان، ۋېسبادېن،
1998-يىلى نەشرى)، «شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ۋە تارىخى-
غا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» (بېيجىڭ، مەركىزىي مىللەتلەر
ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001-يىلى نەشرى)، «ئۇيغۇر
قەدىمكى ۋەسىقىلىرى ھەققىدە تەتقىقات» (بېيجىڭ، مەر-
كىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003-يىلى
نەشرى)، «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى تەتقىقاتى»
(بېيجىڭ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى،
2005-يىلى نەشرى)، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىجتى-
مائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ھەققىدە تەتقىقات»
(بېيجىڭ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى،
2006-يىلى نەشرى)، «شىنجاڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىدىن
قىسقىچە بايان (ساۋات)» (بېيجىڭ، مەركىزىي مىللەتلەر
ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىلى نەشرى)، «ئۇيغۇر
ۋە قازاق تىلىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» (بېيجىڭ، مەركى-
زىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007-يىلى
نەشرى)، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹مايترى سىمىت›-
نىڭ قومۇل نۇسخىسى ھەققىدە تەتقىقات» (بېيجىڭ، مەر-
كىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008-يىلى
نەشرى)، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى»
(بېيجىڭ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى،
2009-يىلى نەشرى)، «غەربىي يۇرت فىلولوگىيەسىگە
دائىر ماقالىلەر» (لەنجۇ، 2012-يىلى لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتې-
تى نەشرىياتى) قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەردىن سىرت، يەنە
«قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە يېزىقى» («ئاز سانلىق
مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي ماقالىلىرى»نىڭ 1-تومىغا
كىرگۈزۈلگەن، بېيجىڭ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى،
1958-يىلى)، «ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك داستانى ‹قۇتاد-
غۇبىلىك›» (خۇ جىنخۇا بىلەن ھەمكارلاشقان، «شىن جاڭ
ئەدەبىياتى»، 1963-يىللىق 3-سان)، «ئۇيغۇر ئەدەبىي
تىلىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە»،
(«جۇڭگو ئەدەبىياتى»، 1963-يىللىق 4-سان)، «قەدىم-
كى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى ھەققىدە» («شىنجاڭ ئەدەبىيا-
تى»، 1963-يىللىق 4-سان)، «‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›
ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى» (خۇ جىنخۇا بىلەن ھەمكارلاشقان،
«شىنجاڭ ئەدەبىياتى»، 1963-يىللىق 5-سان)، «قەدىم-
كى ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ يېزىقى تەرجىمانى سىڭقۇ سەلى»
(«كىتابلارغا باھا»، 1978-يىللىق 2-سان)، «قاراخانىي-
لار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسقى-
چە بايان» («شىنجاڭ ئەدەبىيات سەنئىتى»، 1979-يىللىق
2-سان)، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹شۆەنزاڭنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تەرجىمىھالى›نىڭ 7 - جىلدى (بۆلۈمى) ھەققىدە تەتقىقات»
(«مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، 1979 - يىللىق 4 - سان)، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئاساسلىق ۋەسىقىلەر ۋە ئۇنىڭ
تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى»، «كىتابلارغا باھا»، 1980 -
يىللىق 1 - سان. بۇ ماقالىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى
«تۈرك تىلى تەتقىقات»نىڭ 1983 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلغان)، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تۇدۇم سەلىنىڭ
ئىبادەتخانا ياساتقانلىقى ھەققىدىكى ئابىدە»نىڭ يەشمىسى» («دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى»، 1981 - يىللىق 1 -
سان)، «تارىم ئويمانلىقىدىكى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى
ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى»
(«شىنجاڭ تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، ئۈرۈمچى،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى)، «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى تونۇشتۇرۇش» («تىل ۋە تەرجىمە»، 1990 -
يىللىق، 1 - ، 2 - ، 3 - سانلىرىغا بېسىلغان)، «ھەرقايسى
دۆلەتلەردە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى
ۋەسىقىلەر ھەققىدە قىسقىچە بايان» («تىل ۋە تەرجىمە»،
2002 - يىللىق 1 - سان)، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى
‹ئابىتاك سۇترا›نىڭ پارچىلىرى ھەققىدە تەتقىقات» («مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، 2003 - يىللىق 5 - سان)، «بېرلىن
پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزىنى
تونۇشتۇرۇش» (بۇ ماقالىنى ئەركىن ئىمىننىياز تەرجىمە
قىلىپ «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 -
يىللىق 2 - ساندا ئېلان قىلغان)، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 2003 - يىللىق 2 - سان)، «ئۇيغۇرشۇناس ئۇستاز
گابائىن خانىم ۋاپاتىنىڭ ئون يىللىقى» (غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 2003 - يىللىق 4 - سان)، «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدداھلىق ئەدەبىياتى ‹مايترى سىمىت›» («مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004 -
يىللىق 1 - سان)، «غەربتىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخى
تەتقىقاتىدىن قىسقىچە ئەسلەتمە»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 2004 - يىللىق 3 - سان (بۇ ماقالىنى ئىمىن تاجى
تۇرگۇن تەرجىمە قىلىپ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2010 - يىللىق 2 - ساندا ئېلان قىلغان). «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ئابىتاك سۇترا›نىڭ بىر ياپرىقىنىڭ پارچىسى ھەققىدە تەتقىقات» (4)، «تىل ۋە تەرجىمە»، 2007 - يىللىق 4 - سان) «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياغاچ مەتبەئە بۇيۇملىرى»،
«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، 2004 - يىللىق 1 - سان (بۇ
ماقالىنى ئابدۇقەييۇم مىجىت تەرجىمە قىلىپ «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ژۇرنىلى»نىڭ 2008 - يىللىق - ساندا ئېلان
قىلغان) قاتارلىق بىر يۈرۈش ماقالىلەر يېزىپ جۇڭگودىكى تۈركولوگىيە ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان.

بۇلاردىن سىرت، گېڭ شىمىن ئەپەندى 20 - ئەسىرنىڭ 60 - ، 70 - يىللىرىلا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مۇھىم
ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ۋە
«قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە ئىزدىنىپ «ئۇيغۇرلارنىڭ
كىلاسسىك داستانى ‹قۇتادغۇبىلىك›» (خۇ جىنخۇا بىلەن
ھەمكارلاشقان، «شىن جاڭ ئەدەبىياتى»، 1963 - يىللىق
3 - سان) دېگەندەك ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ ئۇلارنىڭ
جۇڭگو دائىرىسىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتكەن. 1963 - يىلى
ئۇ خۇجىنخۇ ئەپەندى بىلەن بىرلىشىپ «‹دىۋانۇ لۇغاتىت
تۈرك› ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسىنى
«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان،
1979 - يىلى ۋېي سۈيىي خانىم بىلەن «قۇتادغۇبىلىك»
داستانىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ شىنجاڭ خەلق
نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇرغان. بۇ كىتابلارنى جۇڭگونىڭ
60 - 70 - يىللىرىدا ئىزدىنىش ۋە نەشرگە تەييارلاش ھەقىقەتەن تەس ئىش ئىدى.

**چەت ئەللەردە ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشتە قوشقان تۆھپىلىرى جەھەتتە:**

بىز پروفېسسور گېڭ شىمىننىڭ تەتقىقات ھاياتىغا
نەزەر سالغىنىمىزدا مۇنداق ئىككى جەھەتتىكى مۇھىم
ئىلمىي تۆھپىلىرىنى بايقىيالايمىز. بۇنىڭ بىرى، چەت ئەل
ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇش، يەنى
ئۆزى تەتقىق قىلىۋاتقان تۈركولوگىيە ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىققا دائىر تەتقىقات نەتىجىلىرىنى چەت ئەللەردە ئېلان
قىلىپ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەسىرىنى دۇنيادىكى باشقا ئەللەردە كېڭەيتىشتە ئوينىغان كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئالاھىدە
تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ جۇڭگودا كۆپ
تىل ئىگىلىگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆپ
كۆرگەن ئالىمدۇر. ئۇ ئۇيغۇرلارغا دائىر ئەسەرلەر

ھەققدە ‹‹مايترى سىمت› تەتققاتى›› (ئىككى توم بولۇپ گېرمان تىلدا نەشر قىلىنغان، خانس يوئاشم كېلىمكىيت بىلەن ھەمكارلاشقان، ۋىسبادېن، 1988 ـ يىلى نەشرى)، ‹‹قەدىمكى ئۇيغۇر تىلدىكى بۇددا دىنىدىكى بىر خىل ۋەھىينامە ھەققدە تەتققات›› (خانس يوئاشم كېلىمكىيت ۋە يېنس پېتېر لائۇتلار بىلەن ھەمكارلاشقان، گېرمان تىلدا نەشر قىلىنغان، ۋىسبادېن، 1988 ـ يىلى نەشرى)، ‹‹قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقدىكى ‹شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى›نىڭ 7 ـ جىلدى (بۆلۈمى) ھەققدە تەتققات›› (خانس يوئاشم كېلىمكىيت بىلەن ھەمكارلاشقان، گېرمانىيەدە چىقىدىغان ‹‹ئوتتۇرا ئاسىيا تەتققاتى››نىڭ 1986 ـ يىللىق 19 ـ سانىغا بېسىلغان)، ‹‹تۇرپاندىكى مانى دىنى ئىبادەتخانىسى تەرپىدىن كۆيدۈرۈلگەن ۋەسىقىلەر ھەققدە تەتققات›› (خانس يوئاشم كېلىمكىيت بىلەن ھەمكارلاشقان، گېرمانىيەدە چىقىدىغان ‹‹ئوتتۇرا ئاسىيا تەتققاتى››نىڭ 1985 ـ يىللىق 18 ـ سانىغا بېسىلغان)، ‹‹مانى ۋە شاھزادىنىڭ يوشۇرۇش ئۇرۇشۇشى (ئېلىشىشى) ـــ تۇرپاندىن تېپىلغان مانى دىنىدىكى تۈركچە بىر ۋەسىقىنىڭ پارچىسى›› (خانس يوئاشم كېلىمكىيت ۋە يېنس پېتېر لائۇتلار بىلەن ھەمكارلاشقان، گېرمانىيەدە چىقىدىغان ‹‹شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى››نىڭ 1987 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا بېسىلغان)، ‹‹مايترى سىمت›نىڭ 10 ـ جىلدى (بۆلۈمى) ھەققدە تەتققات›› (خانس يوئاشم كېلىمكىيت ۋە يېنس پېترلائۇتلار بىلەن ھەمكارلاشقان، گېرمانىيەدە چىقىدىغان ‹‹قەدىمكى شەرقشۇناسلىق تەتققات››نىڭ 1987 ـ يىللىق 14 ـ سان)، ‹‹مايترى سىمت›نىڭ 11 ـ جىلدى (بۆلۈمى) ھەققدە تەتققات›› (خانس يوئاشم كېلىمكىيت ۋە يېنس پېتېر لائۇتلار بىلەن ھەمكارلاشقان، گېرمانىيەدە چىقىدىغان ‹‹قەدىمكى شەرقشۇناسلىق تەتققات››نىڭ 1988 ـ يىللىق 15 ـ سان)، ‹‹يېڭىدىن بايقالغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقدىكى ‹ئابھىدھارما شاستىرا›نىڭ پارچىلىرى ھەققدە تەتققات››، (‹‹ياۋروپا ئاسىياشۇناسلىق ژۇرنىلى››، 1989 ـ يىللىق 33 ـ سان، ۋىسبادېن)، ‹‹مانى دىنىدىكى ئۈچ شاھزادە ھەققدىكى ھېكايىنىڭ پارچىلىرى›› (گېرمانىيەدە چىقىدىغان ‹‹قەدىمكى شەرقشۇناسلىق تەتققات››نىڭ 1989 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان)، ‹‹كۇچا ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ھەققدە تەتققات›› (گېرمانىيەدە چىقىدىغان ‹‹تۈركولوگىيە ژۇرنىلى››نىڭ 1991 ـ يىللىق 15 ـ سانىغا بېسىلغان)، ‹‹قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقدىكى مانى دىنى ئىبادەتخانىسى ۋەسىقىلىرى ھەققدە تەتققات›› (ياۋروپادا چىقىدىغان ‹‹ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق ژۇرنىلى››نىڭ 1991 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ سان، ۋىسبادېن)، ‹‹‹مايترى سىمت›نىڭ 13 ـ جىلدى (بۆلۈمى) ھەققدە تەتققات (خانس يوئاشم كېلىمكىيت ۋە يېنس پېتېر لائۇتلار بىلەن ھەمكارلاشقان، گېرمانىيەدە چىقىدىغان ‹‹قەدىمكى شەرقشۇناسلىق تەتققات››نىڭ 1991 ـ يىللىق 18 ـ سانىغا بېسىلغان)، ‹‹مايترى سىمت›نىڭ 14 ـ جىلدى (بۆلۈمى) ھەققدە تەتققات›› (خانس يوئاشم كېلىمكىيت ۋە يېنس پېتېر لائۇتلار بىلەن ھەمكارلاشقان، بۇ ماقالە يەنە جېيمس لوئىس باكچۇئى ۋە گراممونت رېمي دور قاتارلىقلار تۈزگەن ‹‹تۈركولوگىيەگە دائىر ماقالىلەر توپلىمى ـــ ‹‹لوئىس بازان ئەپەندىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش ئىلمي ماقالىلەر توپلىمى››غا كىرگۈزۈلگەن، پارىژ، 1992 ـ يىلى نەشرى)، ‹‹مايترى سىمت›نىڭ 14 ـ جىلدى (بۆلۈمى) ھەققدە تەتققات›› [قوشۇمچە ياكى تولۇقلىمىسى] (خانس يوئاشم كېلىمكىيت ۋە يېنس پېتېرلائۇتلار بىلەن ھەمكارلاشقان، گېرمانىيەدە چىقىدىغان ‹‹قەدىمكى شەرقشۇناسلىق تەتققات››نىڭ 1993 ـ، 1992 ـ يىللىق 16 ـ سانىغا بېسىلغان).

MIRAS

‹‹قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقدىكى ‹داشاكارما پاتھاۋادانامالا نومى› تەتققاتىدىن ئومۇمىي بايان››، (خانس يوئاشم كېلىمكىيت ۋە يېنس پېتېر لائۇتلار بىلەن ھەمكارلاشقان، تۈركىيەدە چىقىدىغان ‹‹تۈرك تىلى تەتققاتى››نىڭ 1993 ـ يىللىق 3 ـ سان، ئەنقەرە)، ‹‹قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقدىكى ‹داشاكارما پاتھاۋادانامالا نومى›نىڭ مۇقەددىمىسىنىڭ پارچىسى ھەققدە تەتققات›› (يېنس پېتېرلائۇتلار بىلەن ھەمكارلاشقان، ‹‹پىروفېسسور كارانى خاتىرىلەش ئىلمي ماقالىلەر توپلىمى››، بېرلىن، 2000 ـ يىلى نەشرى)، ‹‹قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقدىكى ‹ئابھىدھارما كوشا شاستىرا›نىڭ لەنجۇ نۇسخىسى ھەققدە تەتققات››، (بۇ ماقالە مەھمەد ئۆلمەز بىلەن سىمونې كرىستاينې راچمان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن ‹‹پىروفېسسور پېتېر سىمەنىڭ 60 ياشقا تولغانلىقىنى خاتىرىلەش ئىلمي ماقالىلەر توپلىمى››غا كىرگۈزۈلگەن، ئىستانبول، بېرلىن، 2002 ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يىلى نەشرى)، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى» (ھەسەن جالال گۈزەل بىرلىكتە تۈزگەن «تۈركلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 2002 - يىلى، ئەنقەرە، 896 - ، 910 - بەتلەر)، «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ياڭجۇ نىستورى دىنىي ئابىدىسى ھەققىدە تەتقىقات نەتىجىلىرى» («ئۇيغۇر تىلى ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتى»، بېيجىڭ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003 - يىلى نەشرى؛ بۇ ماقالىنىڭ گېرمان تىلىدىكى نۇسخىسى «ئورال - ئالتايشۇناسلىق يىلنامىسى»نىڭ 1996 - يىللىق 14 - تومى (سانى)دا ئېلان قىلىنغان)، «تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ھەققىدە تەتقىقات» (دۇركىن مىستەرنىست، چىر راچمان، ج. ۋىلكېنس، م. يالدىز ۋە پېتېر سىمەلەر بىرلىكتە تۈزگەن «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى — يېڭى ئەسىردە تۇنجى ئېچىلغان يىپەك يولى مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى تېمىسىدىكى يىغىن ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن، بېرلىن، 2004 - يىلى نەشرى)، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى (داشاكارما پاتھاۋادانامالا نومى)نىڭ پارچىلىرى ھەققىدە تەتقىقات» (جېنس پېتېرلائۇت، جېنس ۋىلكېنلەر بىلەن ھەمكارلاشقان، «ئورال - ئالتايشۇناسلىق يىلنامىسى»، 2007 - يىللىق 21 - سان) قاتارلىق بىر يۈرۈش ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ چەت ئەللەردىكى تەسىرىنى كېڭەيتىشتە زور دەرىجىدە رول ئوينىغان، بۇلاردىن باشقا، ئۇ يەنە خەلقئارادا ئېچىلغان ھەر خىل ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپىگە ئۇيغۇرلارغا دائىر ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئېلان بېرىپ قاتناشقان ھەم ئوقۇغان. بۇلار ئارقىلىقمۇ ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ باشقا ئەللەردىكى تەسىرىنى كېڭەيتكەن.

**چەت ئەل ئۇيغۇرشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇش جەھەتتە:**

بىر تۈركولوگ ۋە ئۇيغۇرشۇناسقا نىسبەتەن قانچىكى كۆپ خىل تىل بىلسە، ئۇنىڭ تەتقىقاتى شۇنچىلىك يېڭى قانالار تولۇقلىنىپ تەتقىقاتىنىڭ ئىلمىيلىكىگە، يۈكسەكلىككە ۋە كەڭلىككە قاراپ يۈكسىلىشكە شۇنچە زور پايدىسى بار. بۇ جەھەتتە گېڭ شىمىن ئەپەندى چەت ئەل تىللىرىدىن ئىنگلىز، نېمىس، رۇس، ياپون، فىرانسۇز، تۈرك تىللىرىنى شۇنداقلا تۈركولوگىيەگە دائىر مۇھىم تىللاردىن ھېسابلانغان ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى، يۇغۇر تىلى، سالار تىلى ۋە باشقا تۈركىي تىللارنى ياخشى ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەتقىقاتى زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن. شۇڭا ئۇ بۇ جەھەتتە نوقۇل تەتقىقات بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماستىن، ئۆزى بىلىدىغان چەت ئەل تىللىرىدىن تۈركولوگىيە ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىققا دائىر نادىر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان، بۇنىڭ ئىچىدە بىز ماقالىلەردىن روزىيوف ھەسەنوفنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى لېكسىكا مەسىلىلىرى» (ئۇيغۇر تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان، «جۇڭگو ئەدەبىياتى»، 1954 - يىللىق 5 - سان)، تىخونوۋنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتى» (رۇسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان، «مىللەتلەر تارىخى تەرجىمە ماقالىلىرى»، 1978 - يىللىق 6 - توم)، ئاننا مارىيا فون گابائىن خانىمنىڭ «قوچۇ خانلىقى (850 - يىلدىن 1250 - يىلىغىچە)» (گېرمانچىدىن تەرجىمە قىلىنغان، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 - يىللىق 2 - سان). (بۇ ماقالىنى ئەنسەرىدىن مۇسا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1980 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلغان)، ماتسۇدا خىسائونىڭ «تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى ئەللەر» (ياپونچىدىن تەرجىمە قىلغان، «ئارخېئولوگىيە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى»، 1980 - يىللىق 3 - ، 4 - سان)، لوئىس بازاننىڭ «فىرانسىيەدىكى تۈركولوگىيە تەتقىقاتى» (فىرانسۇزچىدىن تەرجىمە قىلغان، «ئالتاي تىل - ئەدەبىياتى ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 1980 - يىل نەشرى)، ۋىليام تومسۇننىڭ «ئورخۇن يېنسەي ئابىدىلىرىنىڭ يېشىلىپ ئوقۇلۇشى — دەسلەپكى بايان». (فىرانسۇزچىدىن تەرجىمە قىلغان، «خېيلۇڭجياڭ مىللەتلەر مەجمۇئەسى»، 2009 - يىللىق 2 - سان) قاتارلىقلارنى خەنزۇ تىلغا تەرجىمە قىلىپ جۇڭگودىكى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرغان، ئۇنىڭ بىر قىسمىلىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلغان.

بۇلاردىن باشقا، ئۇ يەنە بارتولدنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە — ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى» (گېرمان تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان، بۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنى ئادىل ئابدۇقادىر ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - ، 2003 - يىللىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك سانلىرىدا ئېلان قىلغان، خەنزۇچە

تەرجىمىسىدىكى بىر قىسىم كەمتۈكلەرنى كۆزدە تۇتۇلۇپ بۇ ئەسەرنى تارىخشۇناس ئۇيغۇر سايرانى رۇس تىلىدىن بىۋاسىتە قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىسى 2010 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان — تەرجىماندىن ئىزاھات، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى نەشرى)، بارتولدنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئىنگلىز تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى نەشرى)، خاندا تورۇننىڭ «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» (ياپون تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى نەشرى، ئىسلامجان شېرىپ تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى 1985 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان — تەرجىماندىن ئىزاھات)، ئاننا مارىيا فون گاباىننىڭ «قەدىمكى تۈرك تىلى گىراماتىكىسى» (گېرمان تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان، كۆكخوت، ئىچكى موڭغۇل مائارىپ نەشرىياتى، 2004 - يىلى نەشرى)، خاندا تورۇننىڭ «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخىدىن قىسقىچە بايان (ساۋات)»، (بېيجىڭ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 2005 - يىلى نەشرى)، خاندا تورۇننىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى»، (بېيجىڭ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 2005 - يىلى نەشرى) دېگەندەك ئۇيغۇرشۇناسلىققا دائىر بىر يۈرۈش ئەسەرلەرنى جۇڭگوغا تونۇشتۇرغان، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگودىكى ئوقۇرمەنلەر چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن.

### ئۇنىڭ تەلىمىنى ئېلىپ ئوقۇغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى

پىروفېسسور گېڭ شىمىننىڭ تەلىمىنى ئېلىپ ئوقۇغان زىيالىيلار ھەققىدە گەپ بولغاندا بىز تەبىئىي ھالدا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى دەۋرىدە ئېچىلغان قەدىمكى تۈرك تىلى سىنىپىنى تىلغا ئالىمىز. يەنى 1976 - يىلىدىن 1980 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ئوقۇتۇپ شىنجاڭنىڭ ئىلىم ئىشلىرىغا بىر يول ئېچىلغان، شۇ سىنىپتا ئوقۇغانلاردىن ئىسراپىل يۈسۈپ، ئابدۇقەييۇم خوجا، ياسىن ھوشۇر، مۇھەممەدرېھىم سايىت، موللا نىياز، دىلدار مۇھەممەدئىمىن، پەرىدە ھامۇت قاتارلىقلار شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتىدا يېڭى - يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئىلىم ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشقان. ئۇ بۇنىڭدىن باشقا 1985 - يىلىدىن باشلاپ ماگىستىر ئاسپىرانت، 1993 - يىلىدىن باشلاپ دوكتور ئاسپىرانت قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قولىدا ئابدۇرېشىت ياقۇپ، ئابلىكىم ياسىن، ئابدۇرېھىم رەھمان، ئالىمجان يۈسۈپ، دىلارە ئىسراپىل، رازىيە نۇرى، ئابدۇسالام شۈكۈر نوھ قاتارلىق ئىلىم ئەھلىلىرى ئۇنىڭ دوكتور ئوقۇغۇچىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭدىن بىلىم ئېلىپ جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئۆزىنىڭ تۆھپىلىرىنى قوشۇپ كەلمەكتە.

قىسقىسى، پىروفېسسور گېڭ شىمىننىڭ تەتقىقاتىغا دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ تەتقىقاتى نوقۇل ئوقۇتۇش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى يەنە جۇڭگودا تۈركولوگىيە ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىش، ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ چەت ئەللەردىكى تەسىرىنى كېڭەيتىش، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى جۇڭگوغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش ھەمدە مۇشۇ ساھەگە دائىر بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئاسپىرانت ۋە دوكتورلارنى ئىزباسار سۈپىتىدە تەربىيەلەشتەك مۇھىم ئىشلارغا قارىتىلغانلىقىنى بايقىشىمىز تەس ئەمەس.

MIRAS

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**


1. ئاننا مارىيا فون گاباىن: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى» (ئىمىن تاجى تۇرگۇن تەرجىمىسى)، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2015 - يىللىق 1 - سان.

2. پېتېر سىمە: «پىروفېسسور گېڭ شىمىن ۋە قەدىمكى تۈركولوگىيە» (دىلارە ئىسراپىل گېرمان تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان)، «قازاق تىلىغا دائىر تەتقىقاتلار» (مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قازاق تىلى فاكۇلتېتى تەسىس قىلىنغانلىقىغا خاتىرە سۈپىتىدە تەييارلانغان ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 2008 - يىلى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى.

3. «پىروفېسسور گېڭ شىمىننىڭ ئەسەرلەر كاتالوگى» (ئىمىن تاجى تۇرگۇن تۈزۈپ تەييارلىغان)، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2014 - يىللىق 2 -، 4 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان.


(ئاپتور: ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



# كاتتايلاقلىقلارنىڭ بىر قىسىم ئۆرپ-ئادەتلىرىگە نەزەر



**تۇرغۇن پەيزۇللا يۇلغۇن**

ئۆرپ-ئادەت، مىللەتلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان، ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە تۈپ ئالاھىدىلىك ۋە تۈپ بەلگە. ئۆز خاسلىقىدىن ئايرىلغان مىللەت، قوۋم ھامان بىر كۈنى ياشاش شارائىتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، قەدىر-قىممىتىنى يوقىتىدۇ. ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى زامانلاردىن بېرى پۈتۈن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىپ، ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇر بولۇپ تۇرۇشىدا مۇھىم رول ئويناپ كېلىۋاتىدۇ ھەم ئۆز خاسلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، مىللىي ئۆرپ-ئادەتكە سەل قاراش مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا سەل قارىغانلىق بولىدۇ.

بىز تۆۋەندە ئاتۇش كاتتايلاق يېزىسىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم ئېسىل ئادەتلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

### 1. تويلىشىش ئادىتى

كاتتايلاقلىقلار ئەزەلدىنلا ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ توي ئىشلىرىدا ئادىمىيلىك ئەخلاق، شەرم-ھايانى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئوغۇل-قىزلارنىڭ بىر-بىرىنى ياقتۇرۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ كەلدى. ھەرگىزمۇ تاشنى تاياققا مەجبۇرىي تېڭىپ، يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولۇپ قالمايدۇ. ئوغۇل-قىزلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، قۇدا بولىدىغان تەرەپكە لىللا، ئاق كۆڭۈل ئادەمدىن بىر قانچىنى ئەۋەتىدۇ. ئۇ تەرەپ مەقۇللۇق بىلدۈرسە ئوغۇلنىڭ دادىسى، ئانىسى قىز سوراپ بارىدۇ. كاتتايلاقلىقلار ئەزەلدىن ئاق كۆڭۈل، دىلى يۇمشاق، سەممىي، راستچىل خەلق بولغاچقا ھىيلە-مىكىرسىز تويلىشىدۇ، توينىڭ ئاداۋەتسىز ياخشى ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ئۆزئارا يول قويۇشۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ھەرگىزمۇ ھەشەم-دەبدەبىگە بېرىلىپ، كۆز-كۆز قىلماي، ئاددىي-ساددىلىقنى تەرغىب قىلىپ، توينىڭ خۇشاللىق ئىچىدە باشلىنىپ، سۆيۈنۈش ئىچىدە ئاخىرلىشىشىغا بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. تويلىشىشتا پۇل-مالنى ئەمەس، ئادىمىيلىكنى، ھالاللىقنى، گۈزەل ئەخلاقنى ئۆلچەم قىلىدۇ. قىز تەرەپكە تويلۇق بېرىشتە يەڭگىل بولۇشنى ئاساس قىلىدۇ، قىز تەرەپمۇ ئېغىر تويلۇق سېلىۋېلىشنى ياقتۇرمايدۇ. چۈنكى، كاتتايلاقلىقلاردا «ئاياللارنىڭ بەرىكەتلىكى تويلۇق چىقىمى ئاز بولغىنى» دېگەن ئەقىدە كۈچلۈك. مەيلى قىز، مەيلى يىگىت ياكى ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى بولسۇن، تويلۇقنى ئېغىر سېلىۋېلىشنى ياخشى دەپ قارىمايدۇ. (لېكىن پۇل-مالنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان، شۆھرەتپەرەس، ئېسىل ئەنئەنە، گۈزەل ئەقىدىلىرىمىزنى بىلمەيدىغان، دىلىنى شەيتان ئىگىلىۋالغان بىر قىسىم مەنمەنچىلەرمۇ يوق ئەمەس).

(1) ئىككى تەرەپ قۇدىلاشقاندا پۇل-مالغا ئانچە

قاراپ كەتمەيدۇ. ئىككى ياشنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىدۇ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ پەزىلىتىنى، ئەدەپ-ئەخلاقىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدۇ. ئاتا-ئانا بولغۇچىلار توي قىلىشتەك بۇ ئۆمۈرلۈك ئىشتا كۆتۈلمىگەن خاتالىقلارنىڭ يۈز بېرىپ، پەرزەنتلەرنىڭ بەختىگە تەسىر يېتىپ قېلىشتىن ھەم ئۇلارنىڭ خاتىرجەم، گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىشىدۇ. شۇڭا باشتىن-ئاخىر مىللىي ئۆرپ-ئادەت، تۇرمۇش ئەنئەنىسى ھەم ئېتىقادىغا يات قىلمىشلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ قېلىشىدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدۇ. ئەمەلداش (بىر ئاندىن تۇغۇلمىسىمۇ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر ئانىنىڭ سۈتىنى ئەمگەنلەر) يىگىت-قىزلارنىڭ توي قىلىشىنى مەنئى قىلىدۇ. ئاتا-ئانىلار نىكاھتىن بۇرۇن قىز-يىگىتلەرنىڭ ئەركىن ئۇچرىشىشىنى قاتتىق چەكلەيدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ باشقۇرۇشى ۋە تەربىيەسى چىڭ بولغاچقا، قىز-يىگىتلەرمۇ بىر-بىرىگە بولغان مۇھەببەتتە ناھايىتى ئېھتىياتچان.

قىز-يىگىتلەرنىڭ رازىلىقى ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، قۇدا بولىدىغان ئىككى تەرەپ توي كۈنىنى بېكىتىشىدۇ. بېكىتىلگەن كۈنى يىگىت تەرەپ قىزنى كۆچۈرۈپ كېتىش ئۈچۈن ئۇرۇق-تۇغقان، قوشنا-قولۇم، مەھەللە-كويلىرىنى باشلاپ، قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. كۈتۈۋېلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قىز-يىگىتنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ مېڭىشنىڭ تەييارلىقلىرى باشلىنىدۇ. قىز-يىگىتكە نىكاھ ئوقۇلىدۇ.

(2) نىكاھ ئوقۇلۇپ، قىز يۆتكەپ كېتىلىپ ئەتىسى يىگىت توي زىياپىتى بېرىدۇ. توي زىياپىتىگە ئۇرۇق-تۇغقانلار، قولۇم-قوشنا، مەھەللە-كوي چاقىرىلىدۇ. توي زىياپىتىدە ئىسراپچىلىق قىلىنمايدۇ. ئارتۇقچە جۇۋاپمۇ كەتمەيدۇ. بارلىق ئىشلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا ئېلىپ بېرىلىدۇ. زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قاتناشقۇچىلار «ئاللاھ ساڭا بەرىكەت بەرسۇن، ساڭا بەرىكەت بەرسۇن، ئىككىڭلارنى ياخشىلىق ئۈستىدە جەم قىلسۇن» دەپ، ئۇلارغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلىشىپ قايتىشىدۇ.

**2. قۇدىلاردىن ھال سوراش ئادىتى**

قىزنى يۆتكەپ كېلىپ ئەتىسى ئەتىگەندە بېرىپ قۇدىلاردىن ھال سوراش ئادىتى كاتتايلاقلىقلاردا گەۋدىلىك بولۇپ، قىز كۆچۈرۈلۈپ كېلىپ ئەتىسى ئەتىگەندە، ئوغۇلنىڭ دادىسى ئۆزىنىڭ ئەركەك قېرىندىشىدىن بىرنى مەھەللە ئاقساقىلى بىلەن بىللە قۇدىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارىدۇ. قىزنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. ئۇلار تۆردىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن دۇئا قىلىنىدۇ. دۇئا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئوغۇلنىڭ دادىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، سول قولىنى ئوڭ قولىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ، سەل ئېگىلگەن ھالدا «قۇدام، ھاردۇقلىرى چىقىپتىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئوغۇلنىڭ دادىسى بىلەن بىللە كەلگەنلەرمۇ ئورنىدىن قوپۇپ قول باغلاپ تۇرىدۇ. قىزنىڭ دادىسىمۇ خۇددى ئوغۇلنىڭ دادىسىدەك ھالەتتە تۇرۇپ جاۋاب قايتۇرىدۇ ھەم: «ھارماي كەلگەنسىلەر» دەيدۇ-دە، ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇلار ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت تەرەپتىن كەلگەنلەرنىڭ قولىغا قىزنىڭ دادىسى ئۆزى سۇ بېرىدۇ. شۇ ئارىلىقتا قىزنىڭ ئانىسى ئالدىن تەييارلاپ قويغان داستىخاننى كۆتۈرۈپ كىرىدۇ. داستىخاننى چوقۇم قىزنىڭ ئانىسى ئۆزى ئېلىپ كىرىدۇ، (بۇنداق قىلىش قۇدىلارغا بولغان ھۆرمەتنى، ساداقەتنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر) داستىخان سېلىنىپ، چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، تەييارلاپ قويۇلغان ئىسسىق گۆشنان ياكى قىزىق شورپا بىلەن گۆش كەلتۈرۈلىدۇ، ئوغۇل تەرەپتىن كەلگەنلەر ئۇلارغا رەھمەت-ھەشقاللىلار ئېيتىپ ئۇزاپ چىقىدۇ، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى قول باغلىغىنىچە ئۇلارنى خېلى بىر يەرگىچە ئۇزىتىپ بارىدۇ.

**3. قۇدا كۆرۈشۈش ئادىتى**

كاتتايلاق خەلقى ئارىسىدا قىز-يىگىت توي قىلىپ، ئىككى ئائىلە قۇدىلاشقاندىن كېيىن، قۇدا قىچقىرىش بولمىغۇچە ئۇچرىشىپ قالسا قىزغىن كۆرۈشۈپ، ئەركىن-ئازادە پاراڭلىشالمايدىغان بىر ئادەت بار. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قىز-يىگىتنىڭ تويى بولۇپ، ئون كۈندىن ئاشقاندا ئوغۇل تەرەپ قۇدىلار بىلەن بولغان ئارىلىقنى ئوچۇق قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئاۋۋال قىز تەرەپنى مېھمانغا چاقىرىدۇ. قىز تەرەپ بارلىق ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى، ھەمسايىلىرىنى ئېلىپ قۇدىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. قىزنىڭ ئاتا-ئانىلىرى كەلگىچە ئوغۇل تەرەپمۇ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى مەھەللە-كويلىرىنى يىغىپ تۇرىدۇ. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن يىغىلىپ تۇرغانلار دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقىپ، ئۇلار بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ خۇش

www.uyghurkitap.com



خۇيلۇق بىلەن قارشى ئالىدۇ. ھەممەيلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن تەكلا دۇئا قىلىشىدۇ، تىنچ-ئامانلىق سورىشىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇلارنى يۇرتىنىڭ ئاقساقىلى ئۆيگە باشلايدۇ. ئوغۇلنىڭ ئاتا-ئانىسى، تاغا، ھامماچىلىرى كىرىپ قول باغلاپ تۇرۇپ ئۇلاردىن تىنچ-ئامانلىق سورايدۇ، ئىككى تەرەپتىن يىغىلغان ئەرلەر بىر ئۆيدە، ئاياللار يەنە بىر ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. قولغا سۇ بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن چاي تارتىلىدۇ. مېھمانلار چاي ئىچىشتىن توختىغاندىن كېيىن قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئېلىپ كەلگەن، ئۈستىگە گۆش بېسىلغان پولۇ داستىخانغا كەلتۈرۈلۈپ، لېگەن-لېگەنلەرگە ئېلىنىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. پولۇ يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، مېھمانلارنىڭ ئەركىن-ئازادە ھال-مۇڭ بولۇشى ئۈچۈن داستىخانغا دۇئا قىلىنىدۇ، مېھمانلارنىڭ بەزىلىرى سىرتلارنى ئايلىنىدۇ، بەزىلىرى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۆزئارا پاراڭلىشىدۇ. ئاڭغىچە قۇدىلارنىڭ ھۆرمىتىگە قوي سويۇلۇپ شورپا سېلىنىدۇ. ھەرگىزمۇ بازاردىن گۆش سېتىۋېلىپ شورپا سېلىنمايدۇ، بۇنداق قىلىشنى قۇدىلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىق دەپ قارايدۇ. گۆش پىشقاندىن كېيىن قايتىدىن داستىخان سېلىنىپ، مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىلىدۇ. ئاۋۋال شورپا تارتىلىدۇ، ئارقىدىن گۆش ئېلىنىپ كېلىنىدۇ، گۆش يېيىلىپ بولۇشقا ئوخشىتىپ ئېتىلگەن پولۇ كەلتۈرۈلىدۇ، پولۇ يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپتىن يىغىلغان بارلىق ئەر-ئايال مېھمانلارغا بىردىن توقاچ بېرىلىدۇ. ئاندىن كېيىن يەنە قولغا سۇ بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇدا كۆرۈشۈش ئاخىرلىشىپ، مېھمانلار ھۆرمەت-ئېھتىراملار بىلەن ئۇزىتىپ قويۇلىدۇ، يەنە بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپنى قۇدا كۆرۈشۈشكە چاقىرىدۇ، تەرتىپلىرى ئاۋۋالقى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بېرىش-كېلىش قويۇقلىشىدۇ.

### 4. ياراشتۇرۇپ قويۇش ئادىتى

ياراشتۇرۇپ قويۇش كاتتايلاقتا ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇرۇق-تۇغقان، ئەر-خوتۇنلار، دوست-يابۇرادەر، قولۇم-قوشنا، مەھەللە كويلار ئارىسىدا ئوقۇشماسلىق بولۇپ، ئۆز ئارا ئارازلىشىپ قالغاندا مەھەللە ئاقساقاللىرى، شۇ يەردىكى تەسىرى بارلار ئارىغا كىرىپ ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇپ، تېخىمۇ چوڭ كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

قوشنىلار ئارازلىشىپ قالغاندا مەھەللە ئاقساقىلى دەرھال ئارىغا كىرىپ، ئىككى تەرەپكە ئوخشاش بولمىغان ھالدا تەربىيە ئىشلەپ، قوشنىدارچىلىقنىڭ ئەھمىيىتى، ئەۋزەللىكى توغرىسىدا ئىبرەتلىك ھېكايەتلەرنى سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى چىگىشلەرنى يېشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قوشنىلار «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشناڭ ئەلا»، «ئوتنى كوچىلساڭ كۆچىدۇ، قوشناڭنى كوچىلساڭ كۆچىدۇ»، دېگەن ھېكمەتلەردىكى ھەقىقەتلەرنى تونۇپ يېتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەپۇ سورىشىپ، ئۆزئارا داستىخان سېلىشىپ ئارىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتىشىدۇ. چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇھەببەتنى قويۇقلاشتۇرىدۇ.

ئەر-خوتۇنلار ئارازلىشىپ قېلىپ، خوتۇن يامانلاپ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالسا زىددىيەتنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ، ئەرنىڭ ئاتا-ئانىسى، يېقىن دوستلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، قولۇم-قوشنىلار، مەھەللە ئاقساقىلى، مەھەللىدىكى ئابرۇيلۇق كىشىلەر دەرھال ئارىغا كىرىپ، خوتۇن تەرەپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئېرىگە ۋاكالىتەن ناماقۇللۇق بولۇش، ئەپۇ سوراش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق يامانلاپ كەتكەن خوتۇننى قايتۇرۇپ كېلىپ، خوتۇننى بىر قازان ئاش ئەتكۈزۈپ، ئەر-خوتۇنلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىناق ئۆتۈپ، بىر-بىرىگە ساداقەتمەن بولۇپ، ئائىلىسىنى ئىللىقلىققا تولدۇرۇپ، ياراملىق ئەۋلادلارنى تەربىيەلەپ چىقىشقا پۇختا ئاساس سالىدۇ.

### 5. بوۋاقنى ئېغىزلاندۇرۇش ئادىتى

كاتتايلاقتا بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتە كۈن بولغاندا ئۇنى ئېغىزلاندۇرۇش ئادىتى كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشقان بولۇپ، ئاتا-ئانىلار بالىنى ئېغىزلاندۇرۇشقا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. يۇرتىمىزدا «بوۋاقنى ئېغىزلاندۇرغۇچى تولا سۆزلەيدىغان بولسا بوۋاقمۇ ۋات-ۋات بولىدۇ، ئېغىزلاندۇرغۇچى جىمغۇر بولسا بوۋاق مۆرىمەس بولىدۇ، ئېغىزلاندۇرغۇچى ۋات-ۋات بولسا بوۋاق ئۇرۇشقاق بولۇپ چوڭ بولىدۇ»، «بالىنى تاتلىق-تۈرۈم بىلەن ئېغىزلاندۇرسا، تاتلىق سۆزلۈك بولىدۇ»، «ئاغزىغا سالغان نان يېرىك بولسا، تىلى قاتتىق بولىدۇ»، «سۈتكە ئازراق سۈت قوشۇپ ئېغىزلاندۇرسا، بالا ئاق كۆڭۈل، باغرى يۇمشاق چوڭ بولىدۇ» دەيدىغان

قاراشلار مەۋجۇت. شۇڭا بوۋاق تۇغۇلۇپ 7 - كۈنى ئۇنىڭ بوۋا - موملىرى، ئاتا - ئانىلىرى يىغىلىپ شۇ مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بىرىنى بوۋاقنى ئېغىزلاندۇرۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ، بوۋاق ئېغىزلاندۇرغۇچىنى تاللاشقا بەك ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. ئېغىزلاندۇرغۇچى پىشۇرۇلغان سۈتتىن كىچىك بىر قوشۇق ئېلىپ ئۇنى ئېغىزدىكى يۇمشاق چاينىغان نان بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بوۋاقنىڭ ئاغزىغا ئاز - ئازدىن سېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «رىزقىڭ مۇشۇ ناندەك ھالال، بەرىكەتلىك بولسۇن، ماڭغان يولۇڭ سۈتتەك ئاق، دىلىڭ يۇمشاق بولسۇن»، شۇنىڭ بىلەن بوۋاقنى ئېغىزلاندۇرۇش ئاخىرلىشىدۇ.

## 6. بالا ئېمىتىش ئادىتى

بالا ئاتا- ئانىلار ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك ئامانەت. بۇ ئامانەتنى ساغلام قاتارغا قوشۇشنى باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت دەپ بىلىدىغان يۇرتىمىزدىكى ئانا بولغۇچىلار «بالىنى كالا سۈتى بىلەن باقسا بالا، كالا مىجەز چوڭ بولۇپ قالىدۇ، بۇنداق بالىلاردا مېھىر - مۇھەببەت كەم بولىدۇ، ئانىسىغا بولغان مۇھەببىتى سۇس بولىدۇ»، «بالا ئۈچۈن ئانا سۈتىگە يېتىدىغان ياخشى نەرسە يوق» دەپ قاراپ، ئىلاج بولسىلا بالىنى ئۆز سۈتىنى ئېمىتىپ چوڭ قىلىدۇ. ئانا بولغۇچى بالىنى ئېمىتكەن ۋاقىتتا مەيلى بالا بۆشۈكتە بولسۇن، مەيلى قۇچىقىدا بولسۇن ۋە ياكى يەردە ياتقاندا بولسۇن، بىردەم ئوڭ كۆكسىنى ئېمىتسە، بىردەم سول كۆكسىنى ئېمىتىدۇ. بۇنداق قىلىش بالىنىڭ بېشىنىڭ بىر تەرەپكە سىڭايان بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. ئوغۇللارنى ئېمىتىش ۋاقتى 21 ئاي، قىزلارنى ئېمىتىش ۋاقتى 16 ئاي بولسا ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارايدۇ. بالىنى ئېمىتۋاتقان ئانا كېسەل بولۇپ قالسا ياكى تۇيۇقسىز ئۇنىڭ سۈتى تارقاپ كەتسە ياكى كۆتۈلمىگەن باشقا ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ قالسا ئۇرۇق- تۇغقانلار ئىچىدىكى بالا ئېمىتۋاتقان ئايال ئىككىلەنمەي بالىنى ئېمىتىشنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بىر ئەمچەكنى تەڭ ئەمگەن بالىلار ئېمىلداش دەپ ئاتىلىدۇ. (ئەگەردە قوشكېزەك بولمىسىلا). دادا بولغۇچى خوتۇنىنىڭ يوقلاڭ باھانە سەۋەب بىلەن بالىنى بالدۇر ئەمچەكتىن ئايرىۋېتىشىنى قاتتىق ئېغىر ئالىدۇ.

## 7. بوۋاقنىڭ قىرقىنى چىقىرىش ئادىتى

كاتتايلاق خەلقى ئارىسىدا بالا تۇغۇلۇپ 40 كۈن بولغاندا بالىنىڭ قىرقىنى چىقىرىش ئادىتى بار. بۇنىڭدا ئەر بىلەن خوتۇن تەرەپتىكى ئۇرۇق- تۇغقانلار يىغىلىپ، ئاۋۋال ئوچاققا يەتتە ياكى توققۇز توقۇچاق (كىچىك توقاچ) ياقىدۇ ياكى توققۇز قۇيماق سالىدۇ. ئاندىن كېيىن مەسچىت تېمى سۇۋالغان كاكىلدىن (سامان بىلەن توپا ئارىلاشتۇرۇپ لاي ئېتىلىدۇ. ئاندىن تاملارنى سۇۋىسا يېپىشچانلىقى يۇقىرى بولۇپ، ئۇزاق ۋاقىت تامدىن چۈشۈپ كەتمەي تۇرىدۇ) پىچاق بىلەن بىر سىقىم قىرىپ ئېلىپ كىرىدۇ- دە، بىر ئۇۋرىق ئىلمان سۇ تەييارلاپ، ئېلىپ كىرگەن كاكىل ئۇۋۇندىسىنى سۇغا سالىدۇ. مەھەللە - كويلاردىكى ئايىغى چىققان بالىدىن توققۇزنى چاقىرىدۇ، ئىلاج بولمىغاندا يەتتە بالىنى چاقىرىدۇ. بالىلار يىغىلىپ بولغاندا، ئۇۋرىقتىكى سۇنى تەييارلاپ قويۇلغان داسقا قۇيىدۇ. سۇ داسقا قۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بالىنىڭ ئانا تەرەپ چوڭ ئانىسى بالىلارنىڭ ئىچىدىكى چاققان، شوخ بىرىنى بالىلارنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇپ، بالىلارنى قاتار تىزىدۇ. ئاۋۋال تەييارلاپ قويغان قوشۇقنى ئالدىدىكى بالىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇنى داستىكى سۇدىن توققۇز قوشۇق ئېلىپ بالىنىڭ ئۈستىبېشىغا ئالدىرىماي قۇيۇشقا بۇيرۇيدۇ. سان توشقاندىن كېيىن ئارقىدىكى بالىلار نۆۋەت بىلەن بالىنىڭ ئۈستىبېشىغا توققۇز قوشۇقتىن سۇ قۇيىدۇ. سۇ قۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بالىلارغا بىردىن توقۇچاق ياكى بىردىن قۇيماق تارقىتىلىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ قىرقىنى چىقىرىش ئاياغلىشىدۇ. بالىلار توقۇچاق ياكى قۇيماقلىرىنى يېيىشكىنىچە بىر ھازا بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئوينايدۇ. زېرىككەندىن كېيىن ئۆيلىرىگە تارقىلىپ كېتىدۇ. ياشتا چوڭراق بىرى بالا ئولتۇرغۇزۇلۇپ يۇيۇلغان داستىكى سۇنى يەنە ئۇۋرىق ياكى چەينەككە قۇيۇپ، يەرگە بىر تېمىممۇ تېمىپ تامدۇرماي مەسچىتنىڭ ئۆگزىسىگە ئېلىپ چىقىپ، تەكشى سېپىۋېتىپ قايتىپ چۈشۈپ، ئارقىسىغىمۇ قارىماستىن ئۆيىگە يېنىپ كىرىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب، ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئىمان - ئېتىقادلىق، مۇھەببەت - نەپرىتى ئېنىق، ھەق - ناھەق تۇيغۇسىغا باي، تەقۋادار، ۋاپادار چوڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلغانلىقى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىشلىق بولىدۇ.

## 8. كېسەل يوقلاش ئادىتى

يۇرتىمىز كىشىلىرى كېسەل يوقلاشقا ئالاھىدە ئېتىبار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



خۇيلۇق بىلەن قارشى ئالىدۇ. ھەممەيلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن تەڭلا دۇئا قىلىشىدۇ، تىنچ-ئامانلىق سورىشىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇلارنى يۇرتنىڭ ئاقساقلى ئۆيگە باشلايدۇ. ئوغۇلنىڭ ئاتا-ئانىسى، تاغا، ھاماچىلىرى كىرىپ قول باغلاپ تۇرۇپ ئۇلاردىن تىنچ-ئامانلىق سورايدۇ، ئىككى تەرەپتىن يىغىلغان ئەرلەر بىر ئۆيدە، ئاياللار يەنە بىر ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. قولغا سۇ بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن چاي تارتىلىدۇ. مېھمانلار چاي ئىچىشتىن توختىغاندىن كېيىن قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئېلىپ كەلگەن، ئۈستىگە گۆش بېسىلغان پولۇ داستىخانغا كەلتۈرۈلۈپ، لېگەن-لېگەنلەرگە ئېلىنىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. پولۇ يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، مېھمانلارنىڭ ئەركىن-ئازادە ھال-مۇڭ بولۇشى ئۈچۈن داستىخانغا دۇئا قىلىنىدۇ، مېھمانلارنىڭ بەزىلىرى سىرتلارنى ئايلىنىدۇ، بەزىلىرى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۆزئارا پاراڭلىشىدۇ. ئائىلىچە قۇدىلارنىڭ ھۆرمىتىگە قوي سويۇلۇپ شورپا سېلىنىدۇ. ھەرگىزمۇ بازاردىن گۆش سېتىۋېلىپ شورپا سېلىنمايدۇ، بۇنداق قىلىشنى قۇدىلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىق دەپ قارايدۇ. گۆش پىشقاندىن كېيىن قايتىدىن داستىخان سېلىنىپ، مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىلىدۇ. ئاۋۋال شورپا تارتىلىدۇ، ئارقىدىن گۆش ئېلىنىپ كېلىنىدۇ، گۆش يېيىلىپ بولۇشىغا ئۇلىشىپ ئېتىلگەن پولۇ كەلتۈرۈلىدۇ، پولۇ يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپتىن يىغىلغان بارلىق ئەر-ئايال مېھمانلارغا بىردىن توقاچ بېرىلىدۇ. ئاندىن كېيىن يەنە قولغا سۇ بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇدا كۆرۈشۈش ئاخىرلىشىپ، مېھمانلار ھۆرمەت-ئېھتىراملار بىلەن ئۇزىتىپ قويۇلىدۇ، يەنە بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپنى قۇدا كۆرۈشۈشكە چاقىرىدۇ، تەرتىپلىرى ئاۋۋالقى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بېرىش-كېلىش قويۇقلىشىدۇ.

**4. ياراشتۇرۇپ قويۇش ئادىتى**

ياراشتۇرۇپ قويۇش كاتتايلاقتا ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇرۇق-تۇغقان، ئەر-خوتۇنلار، دوست-يابۇرادەر، قولۇم-قوشنا، مەھەللە كويلار ئارىسىدا ئوقۇشماسلىق بولۇپ، ئۆز ئارا ئارازلىشىپ قالغاندا مەھەللە ئاقساقاللىرى، شۇ يەردىكى تەسىرى بارلار ئارىغا كىرىپ ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇپ، تېخىمۇ چوڭ كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

قوشنىلار ئارازلىشىپ قالغاندا مەھەللە ئاقساقلى دەرھال ئارىغا كىرىپ، ئىككى تەرەپكە ئوخشاش بولمىغان ھالدا تەربىيە ئىشلەپ، قوشنىدارچىلىقنىڭ ئەھمىيىتى، ئەۋزەللىكى توغرىسىدا ئىبرەتلىك ھېكايەتلەرنى سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى چىگىشلەرنى يېشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قوشنىلار «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا»، «ئوتنى كوچىلىساڭ كۆچىدۇ، قوشناڭنى كوچىلىساڭ كۆچىدۇ»، دېگەن ھېكمەتلەردىكى ھەقىقەتلەرنى تونۇپ يېتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەپۇ سورىشىپ، ئۆزئارا داستىخان سېلىشىپ ئارىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتىشىدۇ. چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇھەببەتنى قويۇقلاشتۇرىدۇ.

ئەر-خوتۇنلار ئارازلىشىپ قېلىپ، خوتۇن يامانلاپ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالسا زىددىيەتنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ، ئەرنىڭ ئاتا-ئانىسى، يېقىن دوستلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، قولۇم-قوشنىلار، مەھەللە ئاقساقلى، مەھەللىدىكى ئابرۇيلۇق كىشىلەر دەرھال ئارىغا كىرىپ، خوتۇن تەرەپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئېرىگە ۋاكالىتەن ناماقۇللۇق بولۇش، ئەپۇ سوراش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق يامانلاپ كەتكەن خوتۇننى قايتۇرۇپ كېلىپ، خوتۇننى بىر قازان ئاش ئەتكۈزۈپ، ئەر-خوتۇنلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىناق ئۆتۈپ، بىر-بىرىگە ساداقەتمەن بولۇپ، ئائىلىسىنى ئىللىقلىققا تولدۇرۇپ، يارامىلىق ئەۋلادلارنى تەربىيەلەپ چىقىشقا پۇختا ئاساس سالىدۇ.

**5. بوۋاقنى ئېغىزلاندۇرۇش ئادىتى**

كاتتايلاقتا بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتە كۈن بولغاندا ئۇنى ئېغىزلاندۇرۇش ئادىتى كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشقان بولۇپ، ئاتا-ئانىلار بالىنى ئېغىزلاندۇرۇشقا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. يۇرتىمىزدا «بوۋاقنى ئېغىزلاندۇرغۇچى تولا سۆزلەيدىغان بولسا بوۋاقمۇ ۋات-ۋات بولىدۇ، ئېغىزلاندۇرغۇچى جىمغۇر بولسا بوۋاق مۆرىمەس بولىدۇ، ئېغىزلاندۇرغۇچى ۋات-ۋات بولسا بوۋاق ئۇرۇشقاق بولۇپ چوڭ بولىدۇ»، «بالىنى تاتلىق-تۈرۈم بىلەن ئېغىزلاندۇرسا، تاتلىق سۆزلۈك بولىدۇ»، «ئاغزىغا سالغان نان يىرىك بولسا، تىلى قاتتىق بولىدۇ»، «سۈتكە ئازراق سۈت قوشۇپ ئېغىزلاندۇرسا، بالا ئاق كۆڭۈل، باغرى يۇمشاق چوڭ بولىدۇ» دەيدىغان

قاراشلار مەۋجۇت. شۇڭا بوۋاق تۇغۇلۇپ 7 ـ كۈنى ئۇنىڭ
بوۋا ـ مومىلىرى، ئاتا ـ ئانىلىرى يىغىلىپ شۇ مەھەللىدىكى
كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بىرىنى بوۋاقنى ئېغىزلان-
دۇرۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ، بوۋاق ئېغىزلاندۇرغۇچى-
نى تاللاشقا بەك ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. ئېغىزلاندۇرغۇچى
پىشۇرۇلغان سۈتتىن كىچىك بىر قوشۇق ئېلىپ ئۇنى ئېغىزى-
دىكى يۇمشاق چاينىغان نان بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بوۋاق-
نىڭ ئاغزىغا ئاز ـ ئازدىن سېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «رىزقىڭ
مۇشۇ نانادەك ھالال، بەرىكەتلىك بولسۇن، ماڭغان يولۇڭ
سۈتتەك ئاق، دىلىڭ يۇمشاق بولسۇن»، شۇنىڭ بىلەن بو-
ۋاقنى ئېغىزلاندۇرۇش ئاخىرلىشىدۇ.

### 6. بالا ئېمىتىش ئادىتى

بالا ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك ئامانەت.
بۇ ئامانەتنى ساغلام قاتارغا قوشۇشنى باش تارتىپ بول-
مايدىغان مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت دەپ بىلىدىغان
يۇرتىمىزدىكى ئانا بولغۇچىلار «بالىنى كالا سۈتى بىلەن
باقسا بالا، كالا مىجەز چوڭ بولۇپ قالىدۇ، بۇنداق بالى-
لاردا مېھىر ـ مۇھەببەت كەم بولىدۇ، ئانىسىغا بولغان مۇ-
ھەببىتى سۇس بولىدۇ»، «بالا ئۈچۈن ئانا سۈتىگە يېتى-
دىغان ياخشى نەرسە يوق» دەپ قاراپ، ئىلاج بولسىلا
بالىنى ئۆز سۈتىنى ئېمىتىپ چوڭ قىلىدۇ. ئانا بولغۇچى
بالىنى ئېمىتكەن ۋاقىتتا مەيلى بالا بۆشۈكتە بولسۇن،
مەيلى قۇچىقىدا بولسۇن ۋە ياكى يەردە ياتقاندا بولسۇن،
بىردەم ئوڭ كۆكسىنى ئېمىتسە، بىردەم سول كۆكسىنى
ئېمىتىدۇ. بۇنداق قىلىش بالىنىڭ بېشىنىڭ بىر تەرىپىگە
سىڭايان بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. ئو-
غۇللارنى ئېمىتىش ۋاقتى 21 ئاي، قىزلارنى ئېمىتىش ۋاق-
تىنى 16 ئاي بولسا ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارايدۇ. بالىنى
ئېمىتىۋاتقان ئانا كېسەل بولۇپ قالسا ياكى تۇيۇقسىز
ئۇنىڭ سۈتى تارقاپ كەتسە ياكى كۆتۈلمىگەن باشقا ئەھ-
ۋاللار كۆرۈلۈپ قالسا ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئىچىدىكى بالا
ئېمىتىۋاتقان ئايال ئىككىلەنمەي بالىنى ئېمىتىشنى ئۈستىگە
ئالىدۇ. بىر ئەمچەكنى تەڭ ئەمگەن باللار ئېمىلداش
دەپ ئاتىلىدۇ. (ئەگەردە قوشكېزەك بولمىسىلا). دادا بول-
غۇچى خوتۇنىنىڭ يوقلاڭ باھانە سەۋەب بىلەن بالىنى
بالدۇر ئەمچەكتىن ئايرىۋېتىشنى قاتتىق ئېغىر ئالىدۇ.

### 7. بوۋاقنىڭ قىرقىنى چىقىرىش ئادىتى

كاتتايلاق خەلقى ئارىسىدا بالا تۇغۇلۇپ 40 كۈن
بولغاندا بالىنىڭ قىرقىنى چىقىرىش ئادىتى بار. بۇنىڭدا
ئەر بىلەن خوتۇن تەرەپتىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار يىغىلىپ،
ئاۋۋال ئوچاققا يەتتە ياكى توققۇز توقۇچاق (كىچىك
توقاچ) ياقىدۇ ياكى توققۇز قۇيماق سالىدۇ. ئاندىن
كېيىن مەسچىت تېمى سۇۋالغان كاكىلدىن (سامان بىلەن
توپا ئارىلاشتۇرۇپ لاي ئېتىلىدۇ. ئاندىن تاملارنى سۇۋى-
سا يېپىشچانلىقى يۇقىرى بولۇپ، ئۇزاق ۋاقىت تامدىن
چۈشۈپ كەتمەي تۇرىدۇ) پىچاق بىلەن بىر سىقىم قىرىپ
ئېلىپ كىرىدۇ ـ دە، بىر ئۇرىق ئىلمان سۇ تەييارلاپ،
ئېلىپ كىرگەن كاكىل ئۇۋۇندىسىنى سۇغا سالىدۇ. مەھەل-
لە ـ كويلاردىكى ئايىغى چىققان بالىدىن توققۇزنى چاقى-
رىدۇ، ئىلاج بولمىغاندا يەتتە بالىنى چاقىرىدۇ. باللار يى-
غىلىپ بولغاندا، ئۇرىقتىكى سۇنى تەييارلاپ قويۇلغان
داسقا قۇيىدۇ. سۇ داسقا قۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بالى-
نىڭ ئانا تەرەپ چوڭ ئانىسى باللارنىڭ ئىچىدىكى
چاققان، شوخ بىرىنى باللارنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇپ، بالى-
لارنى قاتار تىزىدۇ. ئاۋۋال تەييارلاپ قويغان قوشۇقنى
ئالدىدىكى بالىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇنى داستىكى سۇدىن
توققۇز قوشۇق ئېلىپ بالىنىڭ ئۈستىبېشىغا ئالدىرىماي قۇ-
يۇشقا بۇيرۇيدۇ. سان توشقاندىن كېيىن ئارقىدىكى
باللار نۆۋەت بىلەن بالىنىڭ ئۈستىبېشىغا توققۇز قوشۇقتىن
سۇ قۇيىدۇ. سۇ قۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، باللارغا
بىردىن توقۇچاق ياكى بىردىن قۇيماق تارقىتىلىپ بېرىلى-
دۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ قىرقىنى چىقىرىش ئاياغلىشىدۇ.
باللار توقۇچاق ياكى قۇيماقلىرىنى يېيىشكىنچە بىر ھازا
بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئوينايدۇ. زېرىككەندىن كېيىن
ئۆيلىرىگە تارقىلىپ كېتىدۇ. ياشتا چوڭراق بىرى بالا ئول-
تۇرغۇزۇلۇپ يۇيۇلغان داستىكى سۇنى يەنە ئۇرىق ياكى
چەينەككە قۇيۇپ، يەرگە بىر تېمىممۇ تېمىپ تامدۇرماي
مەسچىتنىڭ ئۆگزىسىگە ئېلىپ چىقىپ، تەكشى سېپىۋېتىپ
قايتىپ چۈشۈپ، ئارقىسىغىمۇ قارىماستىن ئۆيىگە يېنىپ
كىرىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ با-
لىلىرىنى ئىمان ـ ئېتىقادلىق، مۇھەببەت ـ نەپرەتنى ئېنىق،
ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسىغا باي، تەقۋادار، ۋاپادار چوڭ بو-
لۇشنى ئارزۇ قىلغانلىقى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىشلىق
بولىدۇ.

### 8. كېسەل يوقلاش ئادىتى

يۇرتىمىز كىشىلىرى كېسەل يوقلاشقا ئالاھىدە ئېتىبار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلەن قارايدۇ. كېسەل يوقلاشتا ئۇرۇق تۇغقىنىمتى، يېقىنىمتى، ئۇ نېمەمتى، بۇ نېمەمتى دەپ ئولتۇرمايدۇ. بىرەرىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپلا قالسا، مۇۋاپىق بىر پەيتنى تاللاپ كېسەلنى يوقلاپ كېلىدۇ. كېسەلنىڭ يېنىدا كۈلۈپ چاقچاقلىشىدىغان، كۆڭلى يېرىم بولىدىغان سۆزلەرنى ھەرگىزمۇ قىلمايدۇ. ياخشى سۆزلەرنى قىلىشىدۇ، ئۇزاق ئولتۇرمايدۇ. قانچىكى بالدۇر يېنىپ چىقسا شۇنچە ياخشى دەپ قارايدۇ. كېسەل يوقلاشتا كېسەلنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا قارىتا، توققۇز تال كۆك ئامۇت، ئاشكۆكى سېلىپ، چامغۇرنى ئۇششاق توغراپ ئېتىلگەن خولۇپ ئاش (نېپىز يېيىلىپ ئۈزۈپ تاشلاپ)، قوغۇن-تاۋۇزغا ئوخشاش نەرسىلەرنى (تاپقىنىنى) ئېلىپ كىرىدۇ. كېسەل بەك ئېغىرراق، يۇقۇملۇق بولسا كېسەل يوقلىغۇچىلار كېسەل بار ئۆيگە كىرمەي، باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ كېسەل ئىگىسى بىلەن قىسقىلا ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، كېسەل كىشىنىڭ كېسىلىگە ياراتقان ئىگىسىدىن شىپالىق تىلەپ قايتىپ كېتىدۇ. كېسەل بار ئۆيدە ئۇزاق ئولتۇرالمايدۇ. زاۋال بولغاندا، مەيلى ئەتىگەن ياكى كەچ بولسۇن كۈن قىزىلدا، قارا كۈنلەردە (بىرەرى ئۆلۈپ كەتكەندە) كېسەل يوقلىمايدۇ، بۇنداق كۈندە كېسەل يوقلاپ بارغانلارنى كېسەل ئىگىسىمۇ بەك ئېغىر ئالىدۇ.

### 9. مېيىت ئۇزىتىش ئادىتى

ئۆلۈم ئالامەتلىرى ئاشكارا بولغان سەكراتتىكى ئادەمنى ئوڭ تەرەپكە، يېنچە ياتقۇزۇپ قىبلىگە قارىتىدۇ. ئەگەر سەكرات بەك كۆچىيىپ كەتسە دەرھال قارى باشلاپ كىرىپ «سۈرە ياسىن»نى ئوقۇتىدۇ. (ئۆزى بىلسە ئۆزى ئوقۇيدۇ) ئۆلۈپ كەتكۈچى (قازا قىلغۇچى) ئەر بولسا مەرھۇم، ئايال بولسا مەرھۇمە دەپ ئاتىلىدۇ. قازا قىلغۇچىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى مەھەللە ئاقساقاللىرى ئۈستىگە ئالىدۇ، بارلىق ئىشلار ئەقىدىلىرى بويىچە تەرتىپلىك، قائىدىلىك ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بىرەرى ئۆلۈپ كەتكەن ھامان ئاۋۋال قولۇم-قوشنىلار خەۋەر تاپىدۇ-دە، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن مەھەللە-كوي، يۇرت ئاقساقاللىرىغا، ھەرقايسى قوشنا مەھەللىلەردىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە ئۆلۈم خەۋىرى ئۇقتۇرىدۇ. مەرھۇم (مەرھۇمە)نىڭ قازا قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان جامائەت، ئارىلىق مەيلى يىراق، مەيلى يېقىن بولسۇن توپ-توپ بولۇشۇپ مېيىت نامىزىغا قاتنىشىش ئۈچۈن يولغا چىقىشىدۇ، ئۇلار ئۆلۈم بولغان ئۆيگە بارغىچە ياكى يانغىچە بولسۇن قېرىندىشىغا بولغان قايغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ، ھەرگىزمۇ ئۇششاق-تۈششەك گەپ-سۆزلەردە بولمايدۇ.

ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ پۇت-قوللىرى تۈپتۈز قىلىنىپ، قوللىرى يۇمۇلۇپ قالغان بولسا ئېچىلدۇرۇلۇپ ئوڭدا ياتقۇزۇپ، ئاق خەسە بىلەن ئېڭىكى قېتىلىپ، ئىككى پۇتىنىڭ باشمالتىقى بىر-بىرىگە ئاق خەسە بىلەن چېتىلىپ، كۆزى، ئاغزى ئېچىلىپ قالغان بولسا يۇمدۇرۇلۇپ، ئۈستىگە ئاق رەخت يېپىپ قويۇلىدۇ. ئۆلۈكنىڭ يېنىدا تۇرغۇچى مۇنۇلارنى پات-پات تەكرارلايدۇ: «ئى ئاللاھ ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن، ئى ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن».

ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈشتىن بۇرۇن پاكىز يۇيۇلۇپ، تارىلىپ ھەر خىل خۇش پۇراقلار سېپىلىپ كېپەنگە ئېلىنىدۇ. ئۆلۈپ كەتكۈچى ئەرلەر بولسا كېپىنىنىڭ ئۈچ قات، ئايال بولسا بەش قات كېپەنلەشكە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. مېيىتنى يۇغاندا، ئەڭ يېقىنلىرى، يەنى بالا-ۋاقىلىرى يۇسا كۆپ ساۋاب بولىدۇ، دەيدىغان ئەقىدە كاتتايلاقلىقلار ئارىسىدا ئەڭ كۈچلۈك. كېيىن مەرھۇم (مەرھۇمە)نىڭ بالىلىرى، يېقىنلىرى سىرتتا تەقلەپ قويۇلغان جىنازىنى مېيىت يۇيۇلۇپ، كېپەنگە ئېلىنغان ئۆيگە ئەكىرىپ، مېيىتنى ئاۋايلاپ جىنازىغا سېلىپ، ئۈستىگە يوپۇق ياپىدۇ. مېيىت ئۆي ئىچىدىن ئاۋايلاپ سىرتقا ئېلىپ چىقىلىپ، مېيىت نامىزى چۈشۈرۈش بەلگىلەنگەن ئورۇنغا قاراپ تېز قەدەملەر بىلەن ئېلىپ مېڭىلىدۇ. مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلىدىغان يەرنىڭ ئازادە، پاكىز بولۇشىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدۇ. مەرھۇم (مەرھۇمە)نىڭ يېقىنلىرى جىنازا كۆتۈرۈپ مېڭىۋاتقانلارغا ئەگىشىپ چەكسىز قايغۇ-ھەسرەت، جۇدالىق ئىچىدە ئۈنسىز ياش تۆكۈپ ماڭىدۇ. ئۈن سېلىپ، ۋارقىراپ يىغلاشنى مېيىتكە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ، دېگەن ئەقىدىدە چىڭ تۇرىدۇ. كۆپلىگەن ئۆلۈم ئىگىلىرى ئۈنسىز ياش تۆكۈشىدۇ، چىن قەلبىدىن قايغۇرۇشىدۇ. مېيىت نامىزى ئوقۇلىدىغان يەرگە بارغاندىن كېيىن، جىنازا قىبلىسى كەلتۈرۈلۈپ يەرگە قويۇلىدۇ، جامائەتمۇ دەرھال سەپرۇس بولۇپ قىبلىگە يۈزلىنىدۇ. مېيىت نامىزىغا 1500 دىن 3000 غىچە ئادەم قاتنىشىدۇ. دامۇللام ياكى قارى ئالدىغا چىقىپ بارلىق

هاياتلىقىنىڭ هامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقى، ئەجەلنىڭ ۋاقتى قارايى بولمايدىغانلىقى، شۇڭا يامانلىقتىن يىراق بولۇپ ياخشى، ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپ قىلىشنىڭ كېرەكلىكى توغرىسىدا ۋەز-نەسىھەت قىلىدۇ. موللا ياكى قارىنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن مەرھۇم (مەرھۇمە)نىڭ ئەڭ يېقىنلىرىدىن بىرسى ئالدىغا چىقىپ، مېيىت نامىزىغا قاتناشقانلارغا، ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ قانچە ياشتا پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە كەتكەنلىكى، هايات چېغىدا بىرەرنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويغان بولسا، ئەپۇ قىلىۋېتىشى توغرىسىدا ئۆتۈنىدۇ ھەم يېتىن يىڭنىغىچىلىك قەرزى بولسا، دېسە شۇئان بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، سەپكە كىرىپ كېتىدۇ. يۇرتىمىزدا ئۆلۈم ئىگىلىرى ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ قەرزى بولسا ئۇنى بېرىۋېتىشكە بەك ئالدىرىشىدۇ. هوللانىڭ «سەپرۇس» دېگەن ئاۋازى بىلەن تەڭ ئادەملەر بىر-بىرىگە قارىشىپ سەپلىرىنى تۈزۈلىشىدۇ. «ئاللاهۇ ئەكبەر!» دەپ تۆت قېتىم تەكبىر ئېيتىلىپ، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم رەھمەتۇللا!» دەپ ئوڭ-سولغا سالام بېرىلىپ، «مەرھۇم (مەرھۇمە)نىڭ ئاخىرەتلىكىنىڭ ياخشى بولۇشى، قەبرە ئازابى ھەم جەھەننەمنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، مېيىت نامىزى ئاخىرلىشىپ، يەرلىكدە قويۇشقا ئېلىپ مېڭىلىدۇ. مېيىت بۇرۇن ئات، كالا هارۋىلىرىدا زاراتگاهلىققا ئېلىپ بېرىلاسا، هازىر تراكتور، ماشىنىلاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ. يۇرتىمىز ئوڭغۇرىق قاتارلىق جايلىرىدا جىنازىنى ئادەملەر قولدىن-قولغا ئېلىپ، كۆتۈرۈپ زاراتگاھلىققا ئېلىپ چىقىدىغان ئادەت هېلىھەم بار. زاراتگاهلىققا بارغۇچە جىنازا پەقەتلا يەرگە قويۇلمايدۇ. جىنازا كۆتۈرۈپ ماڭغانلار ئۆزئارا ئالمىشىپ ناھايىتى تېزلىك بىلەن ماڭىدۇ. («بۇنداق قىلغاندا ئۆلۈپ كەتكۈچىگە، ئۇنى يەرلىككە قويغىنى چىققانلار كۆپ ساۋاب بولىدۇ» دېگەن ئەقىدە كۈچلۈك). مېيىت زاراتگاھلىققا ئېلىنىپ ماڭغاندا ئولتۇرغانلار بولسا دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشىدۇ. مېيىتنى يەرلىكدە قويۇش ئۈچۈن زاراتگاھلىققا ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ جىنازىغا ئەگەشىپ 100 دىن ئارتۇق ئادەم چىقىدۇ. يەرلىك تاش يەرلىك، ئىچ يەرلىك دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. زاراتگاھلىققا چىققانلارنىڭ ئىچىدىكى مېيىتنى دەپنە قىلىشقا بىۋاستە قاتنىشىۋاتقانلاردىن باشقا بارلىق ئادەملەر مۇسبەت ئىچىدە ئولتۇرىدۇ. مېڭىپ يۈرۈشكە چەك قويۇلىدۇ. جىنازا يەرگە قويۇلۇشتىن بۇرۇن ئولتۇرۇۋېلىشنى يامان كۆرىدۇ. مېيىتنىڭ بىۋاستە تۇغقانلىرىدىن بىر-ئىككىسى يەرلىكنى كۆرىدۇ. مېيىتنى ئەڭ يېقىنلىرى يەرلىكدە قويسا ياخشى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن مېيىت تاشقى گۆرگە ئاۋايلاپ چۈشۈرۈلىدۇ. ئاندىن ئىچكى يەرلىكتىكىلەر مېيىتنى ئاۋايلاپ ئىچكىگە ئەكىرىدۇ. (ئەگەر يەرلىكدە قويۇلغۇچى ئايال بولسا، قەبرىدە قويۇلۇۋاتقاندا قەبرىنى بىر پارچە رەخت بىلەن توسۇۋالىدۇ). ئىچكى يەرلىكتىكىلەر مېيىتنى قائىدە-يوسۇن بويىچە ياتقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، سىرتتىكىلەر سۇنۇپ بېرىلگەن دۇرۇت توپىسى مېيىتنىڭ تۆت ئەتراپىغا تەكشى چېچىلىدۇ. مېيىتنىڭ كېپىنى بوشىتىلىپ، يۈزىنى ئېچىپ قىبلىگە مايىل قىلىنىپ، پۇت-قول بارماقلىرى بوشىتىۋېتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىچكى يەرلىكتىكىلەر مېيىت بىلەن خوشلىشىپ تاش يەرلىككە قايتىپ چىقىدۇ-دە، يۇقىرىدىكىلەر سۇنۇپ بەرگەن توققۇز تال خىش بىلەن ئىچ يەرلىكنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ بولغاندىن كېيىن تاشقى يەرلىكتىنمۇ قايتىپ چىقىدۇ. ئاندىن يەرلىك كولىغاندا تۇنجى كەتمەن سالغۇچى كەتمەننى قولغا ئېلىپ يەرلىككە يەتتە كەتمەن توپىنى ئاۋايلاپ سېرىلدۇرۇلىدۇ، بۇ چاغدا موللا ياكى قارى قىرائەت باشلايدۇ. ياشلار نۆۋەت بىلەن توپا تاشلاپ يەرلىككە توپا سېرىلدۇرۇشقا باشلايدۇ. يەرلىكتىكى توپا يېرىملاشقاندا، يېڭىدىن كېسىلىپ ئېلىپ كېلىنگەن بىر تۈپ مېۋىلىك دەرەخنىڭ شېخىنى بىر ئادەم يەرلىكنىڭ ئوڭ بۇلۇڭىغا تىكلەپ تۇتۇپ تۇرىدۇ، يەرلىك تىندۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، يامغۇر كىرىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئۈستۈرسى تۆگە لوكسى، ئەتراپى سىرپاچ قىلىنىدۇ. كاتتايلاقلىقلار قەبرىنىڭ يەر يۈزىدىن بەك ئېگىز بولۇپ كېتىشىنى خالىمايدۇ. موللام ياكى قارى يەنە بىر قېتىم قىرائەت قىلىدۇ. قىرائەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھەممەيلەن ئاللاھتىن مەرھۇم (مەرھۇمە)گە جەننەت تىلىشىپ، دۇئا قىلىپ زاراتگاھلىقتىن قايتىپ يەنە ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ھەرقايسى تەۋەلىكتىن كەلگەنلەر ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھازىدارلارنى ئېلىپ تارقىشىدۇ. ئۆلۈم بولغان ئۆيدە ئۈچ كۈنگىچە قازان ئېسىلمايدۇ، قولۇم-قوشنىلار نۆۋەت بىلەن تاماق ئېتىپ ئېلىپ كىرىشىدۇ. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال تۆت ئاي ئون كۈن قارىلىق تۇتۇش ئادىتى بار. ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايال باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان زىننەت بۇيۇمى، خۇش پۇراق ئىشلەتمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سۇرمە سۇرمەيدۇ، رەڭلىك كىيىملەرنى كىيمەيدۇ. ئىددەت مەزگىلى توشمىغۇچە ئۆيدىن چىقمايدۇ. ئۈچ كۈن توشقاندىن كېيىن بارلىق پائالىيەتلەر نورمال ئېلىپ بېرىلىشقا باشلايدۇ، ئىلگىرىكى ئەرلەر بېلىگە ئاق باغلاپ، 40 كۈنگىچە ساقال-بۇرۇتلىرىنى ئۆستۈرۈۋالىدىغان، ئاياللار بېشىغا ئاق چارىغۇچ سېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە كەمچەت تۇماق كىيىپ، 40 كۈنگىچە چېچىنى تارىمايدىغان، ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ قانچە بالىسى ھەم قانچە تۇغقىنى بولسا ھەممىسى قازان ئېسىشتەك ئىسلام دىنىغا زىت، ئىسراپچىلىق، بىدەتچىلىكلەر بارا-بارا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىسلام، ئەقىدىلىرىگە، زامان تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئىسراپچىلىقنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، ئارتۇقچە رەسمىيەتلەر تۈگىتىلدى.

### 10. داستىخان ئادەتلىرى

كاتتايلاقلىقلار يېيىش-ئىچىشتە ناھايىتى ئاددىي-ساددا بولۇپ، ئەدەپ-ئەخلاقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ، ئىسراپخورلۇقنى ياقتۇرمايدۇ. تاماق يېگەندە سالامەتلىكنى قوغداش مەقسىتىدە تاماق يەيدۇ، ھەرگىزمۇ كۆپ تاماق يەۋېلىپ، ئۆزىنى بىئارام قىلىۋالمايدۇ. قورسىقى ئاچمىغان بولسا زورلاپ تاماق يېيىشنى، زورلاپ ئىچىشنى، مېڭىپ يۈرۈپ، يالاڭباش تاماق يېيىشنى يامان كۆرىدۇ، يۇرتىمىزدىكىلەر يېمەك-ئىچمەك جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئېسىل ئادەت-قائىدىلەرنى يېتىلدۈرگەن.

1. يېمەكلىكنىڭ پاكىز تازا بولۇشىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ.

2. تاماق يېيىشتىن بۇرۇن تازىلىقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. تاماق يەپ ئىچىۋاتقاندا كىشىنى بىئارام قىلىدىغان قىلىقلارنى قىلمايدۇ، يەنى قولىنى سىلكىمەيدۇ، تاۋاققا بېشىنى يېقىن ئەكىلىۋالمايدۇ، ئاغزىغا زىيادە ئېلىۋالمايدۇ، چىشلىگەن نانىنى ئوپچىنىڭ قاچىسىغا چىلىمايدۇ، نىجىس، مەينەت نەرسىلەر توغرۇلۇق گەپ قىلمايدۇ.

3. تاماق يېگەندە يۈكۈنۈپ ياكى جاھازا قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. ئوڭ قولى بىلەن تاماقنى ئالدىدىن ئاز-ئازدىن ئېلىپ، ئالدىرىماي چايناپ يەيدۇ، قاچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېلىپ تاماق يېيىشنى ئەدەپسىزلىك دەپ قارايدۇ.

4. داستىخانغا تاماق كەلتۈرۈلگەندە چوڭلار قول سېلىشتىن بۇرۇن كىچىكلەر ھەرگىزمۇ تاماققا قول ئۇزارتمايدۇ، بۇنداق قىلىشنى ئەدەپسىزلىك، ئەخلاقسىزلىق دەپ قارايدۇ.

5. تاماق يېيىش جەريانىدا تاماقتىن ئېۋەن چىقىرىشنى يامان كۆرىدۇ، ئېھتىياتسىزلىقتىن تاماق چۈشۈپ كەتسە دەرھال ئېلىپ بۇزۇلۇپ كەتكەن يېرىنى ئېلىۋېتىپ، قالغان يېرىنى يەۋېتىدۇ.

6. تاماق تاللاشنى، ئاشۇرۇپ قويۇشنى ئۆچ كۆرىدۇ.

7. تاماقنى بىرلىكتە يېيىشنى ئەۋزەل بىلىدۇ، ئەدەپ-قائىدە، ئىززەت-ئىكرام بىلەن خۇشال-خۇرام ئولتۇرۇپ، بىللە يېگەن تاماق ئارىدىكى مېھىر-مۇھەببەتنى كۈچەيتىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىدۇ، بىر-بىرىگە بولغان ھۆرمەتنى ئاشۇرىدۇ.

8. يەۋاتقان تاماققا، ئىچىۋاتقان چاي (سۇ)غا پۈدەشنى ئۆچ كۆرىدۇ.

كاتتايلاقلىقلارنىڭ يېيىش-ئىچىش جەريانىدىكى بۇ خىل ئېسىل ئادەتلىرى ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇلۇپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ، ئۆزگىچە خاسلىقنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە.

### 11. مېھماندارچىلىق ئادىتى

كاتتايلاقلىقلار ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست، ئوچۇق-يورۇق، چىقىشقاق بولۇپ مېھماننى ھۆرمەتلەش، ئۇنى لايىقىدا قەدىرلەشنى ئادىمىيلىكنىڭ مۇھىم بىر قىسمى دەپ بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار نىيەتنىڭ دۇرۇسلۇقىنى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، مېھمان چاقىرىشتىن ئاۋۋال نىيەت قىلىدۇ. ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق، ھەر بىر ئىنساننىڭ ئىشى نىيىتى بويىچە بولىدۇ». ياخشى نىيەت ئادەتتىكى ئىشنى ئەجرىگە ئېرىشىدىغان ئىتائەتكە ئايلاندۇرىدۇ. قەلبىگە بۇ ئەقىدە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن كۆپ قىسىم كاتتايلاقلىقلار ئۈچ كۈنگىچە ئۆيىگە بىرەرى كىرمىسە كۆڭلى يېرىم بولىدۇ، ھەتتا تەييارلىق قىلىپ، قولۇم-قوشنىلىرىنى چاقىرىۋالىدۇ. چۈنكى ئۇلاردا «ئۈچ كۈنگىچە مېھمان كىرمىگەن ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ»، دەيدىغان ئەقىدە ناھايىتى قويۇق. بۇنىڭدىن بىز مېھماننىڭ ھەقىقەتەن ئۇلۇغلۇقىنى، كاتتايلاقلىقلارنىڭ مېھمانغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلىۋالالايمىز.

مېھمان چاقىرغۇچى ھەرگىزمۇ مېھماندارچىلىق ئارقىلىق ئۆزىنى كۆرسىتىشنى، ماختىنىشنى مەقسەت قىلمايدۇ، مېھمانلارغا خۇشاللىق، خۇرسەنلىك ئاتا قىلىشنى، ھۆرمىتىنى قىلىشنى نىيەت قىلىدۇ.

كۆپ مېھمان چاقىرغاندا قاتنىششى قىيىن توختايدىغان، قاتناشسا بىر قىسىم كىشىلەرگە بىئەپ بولۇپ قالىدىغان كىشىلەرنى بىلىپ تۇرۇپ مېھمانغا چاقىرمايدۇ. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا ھەم مېھمانلارغا ئەرزىيەت

يەتكۈزۈشنى خالىمايدۇ. مېھمانغا چاقىرىلغۇچى ساھىبخانىنى ساقلىتىۋېتىشنى ئەدەپسىزلىك دەپ قارىسا، ساھىبخان تاماق تارتىشنى كېچىكتۈرۈشنى، تاماق تارتىلغاندىن كېيىن، مېھمانلارنى تاماقنى تېزرەك يېيىشكە ئالدىرىتىشنى ئەخلاقسىزلىق دەپ قارايدۇ. ياشتا كىچىكلەر باشتا ئولتۇرۇۋالمايدۇ، يېمەك-ئىچمەك ئوڭدىن، چوڭدىن باشلىنىدۇ. ساھىبخان ئۆزىنى ئەڭ ئاخىرىسىغا قالدۇرىدۇ. چوڭلار تاماققا ئېغىز تەگمىگىچە كىچىكلەر ھەرگىزمۇ تاماققا قول ئۇزاتمايدۇ. مانا بۇمۇ مېھماننى ھۆرمەتلەشنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئادەمگە قەدىر-قىممەت ئاتا قىلىدۇ، مېھمانلار ئولتۇرۇپ، تاماق تارتىلغاندىن كېيىن سورۇندىن ئايرىلمايدۇ.

مېھمانغا تەكلىپ قىلىنغۇچى چوقۇم ۋاقتىدا كېلىدۇ، ھەرگىزمۇ يوقىلاڭ باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ساھىبخانىنى ساقلىتىپ قويمايدۇ. چاقىرغان يەرگە بېرىشتا باي-كەمبەغەللىك پەرقىنى ئايرىشنى يامان كۆرىدۇ. ئەگەر ئىككى كىشى بىرلا ۋاقىتتا مېھمانغا چاقىرسا ئاۋۋال چاقىرغىنىڭكىگە بارىدۇ. كېيىنكىسىگە ياخشى تىلەكلەرنى بىلدۈرۈپ، ئۆزرىخاھلىق ئېيتىدۇ. ئۆزىدىن تۆۋەنلەر مېھمانغا چاقىرسا بارماسلىقنى مەنمەنچىلىك، چوڭچىلىق دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار چوڭچىلىق — ھالاكەت يولى، ئاللاھ چوڭچىلىق قىلغانلارنى ياقتۇرمايدۇ، دەپ قاراپ، تۆۋەنچىلىك بىلەن ياشاشنى ئۆزىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكىگە ئايلاندۇرغان. شۇڭا مېھماندا بىرەر يېتەرسىزلىك، كەمچىلىك كۆرۈلۈپ قالسىمۇ كۆرمەسلىككە سالىدۇ، مېھماندارچىلىق ئاخىرلاشقاندا مېھماننى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويىدۇ.

## 12. سەپەر قىلىش ئادەتلىرى

كاتتايلاقلىقتىن 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ 80-يىللارغىچە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى تۈپەيلىدىن بورتالا، غۇلجا، قورغاس (سۈيدۈڭ)، قاراشەھەر، بۈگۈر قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەتكەنلەر ھازىر كاتتايلاقتا ياشاۋاتقانلاردىن كۆپ بولۇپ، يۇرتىمىزدا ياشاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك بۇ ئورۇنلاردا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بار. شۇنداق بولغانىكەن، ئۇلار قېرىنداشلىرىنى يوقلاپ كېلىشى ئۈچۈن سەپەر قىلمىسا بولمايدۇ. ئۇلار سەپەر قىلىشى جەريانىدا تۈرلۈك سەپەر ھۆكۈملىرىگە، ئەدەپ-قائىدىلەرگە ئېتىبار بىلەن قاراپ، سەپەر جەريانىدىكى ئۇششاق ئىشلارغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە، ئىلمىيلىككە تويۇنغان سەپەر ئادەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ھەم سەپەر جەريانىدا مۇكەممەل ھالەتتە ئىجرا قىلغان، ئەمەل قىلغان.

(1) سەپەر قىلغۇچى سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنا، مەھەللىسىنى تاماققا چاقىرىدۇ. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، سەپەر قىلغۇچى ئاللاھ خالىسا ئۆزىنىڭ مەلۇم ئىش بىلەن سەپەرگە چىقىدىغانلىقىنى، سەپەردىن قايتىپ كەلگىچە ئۆي-ۋاقىغا، ئېتىز-ئېرىقلىرىغا كۆز-قۇلاق بولۇپ قويۇشنى ئۆتۈنىدۇ ھەمدە بىرەردە قەرزى بولسا نەق مەيداندا بېرىۋېتىدۇ. چاقىرىلغانلار سەپەر قىلغۇچىنىڭ سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشىپ تارقىلىشىدۇ. «سېنى ئاللاھقا تاپشۇردۇق، سېنى سەپەرنىڭ مۈشكۈلاتلىرىدىن ساقلىسۇن، ساڭا ياخشىلىق، تەقۋالىق ئاتا قىلسۇن» دېيىشىدۇ.

(2) كاتتايلاقلىقلاردا «بىر يولۇچى شەيتان، ئىككى يولۇچىمۇ شەيتان، ئۈچ يولۇچى يولۇچىدۇر» دەيدىغان قاراش كۈچلۈك بولغاچقا، سەپەر قىلىشتىن بۇرۇن ئۆزئارا ئۇقۇشۇپ ئۈچتىن ئارتۇق ئادەم بىللە سەپەرگە چىقىدۇ.

(3) سەپەرگە چىققۇچى، خوتۇن-بالا، ئاتا-ئانىسىغا ئۆزى سەپەردىن قايتىپ كەلگۈچە يېتەرلىك راسخوت قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بىر مەزگىللىك مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. ئايال كىشىنى مەھرەمسىز (ئەڭ يېقىن ئادىمى) يېنىدا بولمىغان ھالدا بىر كېچە-كۈندۈزلۈك سەپەرگە چىقىشنى توغرا تاپمايدۇ.

(4) سەپەرگە پەيشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن چىقىشنى ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارايدۇ، جۈمە كۈندە سەپەرگە چىقمايدۇ.

(5) سەپەر جەريانىدىكى ھەمكارلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، سەپەرنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشى ئۈچۈن ئۆزئارا ئىشەنچنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ.

(6) سەپەرگە چىققۇچى ھاجىتى راۋا بولغان ھامان ئۆيىگە قايتىشقا ئالدىرايدۇ. ئۆيىگە قانچە بالدۇر بارسا شۇنچە ياخشى دەپ قارايدۇ. سەپەر ئۈستىدە كەچ بولۇپ كەتسە ئۆيىگە كېچىسى كىرمەيدۇ. (كېلىدىغانلىقىدىن ئۆيىدىكىلەرنى خەۋەردا قىلالمىغان بولسا) خەۋەر يەتكۈزەلىگەن بولسا كىرىۋېرىدۇ.

(ئاپتور: ئاتۇش شەھەر كاتتايلاق يېزا رادىيو-تېلېۋىزىيە پونكىتىدىن)

MIRAS



# ھېسام قۇرباندىن قالغان مىراس

جامالىدىن جالالىدىن

غۇلجا ناھىيەسى خۇدىيارىيۈزى يېزىسىغا قاراشلىق گەمە كەنتى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ شەرق تەرىپىگە، خۇدىيار يۈزىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، خەلق گۇڭشىلىرى قۇرۇلغان 1958 ـ يىللىرىدا تۇرپانيۈزى گوڭشىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. مەزكۇر كەنتنى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئاققان جىرغالاڭ سايلىقى شىمال ۋە جەنۇبتىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈپ تۇرغاچقا، مەھەللە كىشىلىرى ئادەت بويىچە شىمالىي قىسمىنى بۇقات، جەنۇبىي قىسمىنى ئۇقات دەپ ئاتايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ كەنتتە ئازادلىقتىن ئىلگىرى 30 ئەتراپىدا ئائىلىلىك بولۇپ، بۇ كىشىلەر گەمە كولاپ ئولتۇرغانىكەن. ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ كەنتنى تەدرىجىي «گەمە» دېگەن نام بىلەن ئاتاش ئومۇملاشقان ئىكەن.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئاۋام چاقچاقچىسى ھېسام قۇربانىنىڭ بوۋىسى رېھىماخۇن (رېھىم) دېگەن كىشى بۇ ئورۇندىن تۆت خو (250 مو) ئەتراپىدا يەر سېتىۋېلىپ دېھقانچىلىق قىلغان. كېيىن بۇ يەرلەرگە ئۇنىڭ بالىسى قۇربان ئىگىدارچىلىق قىلىپ، گاھى يىللىرى ئۆزى، گاھى يىللىرى تەڭ دېھقانچىلىق قىلغان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھېسامۇ گۆدەك مەزگىللىرىدىن باشلاپ دادىسى بىلەن بىللە گەمىگە كېلىپ كېتىپ تۇرغان، 1958 ـ يىللىرىدىكى ئاھالىلەرنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، تارقاقلاشتۇرۇش (سۇسەن) مەزگىللىرىدە ھېسام ئائىلىسى بۇ كەنتكە كەلگەن. شۇ ۋاقىتلاردا گەمە دادۈينىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى بىر قانچە يىل ئىشلىگەن بەداخۇن كىچىكئاخۇن ئاكىنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە بىر كۈنى دادۈيگە كەلگەن ھېسامغا بەداخۇن ئاكا «ھېسام، سەن نېمە ئىش قىلالايسەن؟» دەپ سورىغاندا ھېسام: «مېنىڭ باشقا ئىشلارغا چامىم كەلمەيدۇ. شۇڭا ئەزالارنىڭ ئىشقا چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان دادۈينىڭ دىڭىنى ئۇرۇپ بەرسەم» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەشكىلنىڭ جىسمانىي جەھەتتە ئاجىز ھېسامغا ئېتىبار بېرىشى بىلەن ھېسام مەخسۇس دادۈي ئىشخانىسىنىڭ ئۆگزىسىگە بېكىتىلگەن داڭنى ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئۇرۇپتۇ، بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىق ھەرىكەتلىرى ۋە گەپ ـ سۆزلىرى بىلەن ئەتراپىدىكى ئەزالارنى كۈلدۈرۈپ ئۇلارغا خۇشاللىق ئاتا قىلىپ تۇرغان. ئەنە شۇنداق كۈندە تۆت ۋاق توختىماي داڭنى ئۇرۇۋېرىش داۋامىدا بىر كۈنى چاسا شەكىللىك ئۇيۇل تۆمۈردىن ياسالغان بۇ داڭ ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىپتۇ. ھېسامنى گەپكە سېلىپ بېقىش ئۈچۈن ئاتايىتەن بىر قانچە تەڭتۇشلىرى ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ ـ دە، ئارىدىن بىرى: «ھېسام ئاداش، ئۇر دېسە داڭنى شۇنچىۋالا ئۇرغان بارمۇ؟» دەپتىكەن. ھېسامۇ دەرھاللا: «ھېلىغۇ داڭ يېرىلىپ كېتىپتۇ، ئۇنى كۈچەپ ئۇرغۇچە مېنىڭ يېرىلىپ كەتمىگىنىمگە خۇش بولۇشقىنا ئاغىنىلەر» دەپ ئۇلارنى شۇ زاماتلا كۈلدۈرۈۋېتىپتۇ.

ھېسام داڭ ئۇرۇۋاتقان مەزگىللەردە بىر نەچچىلىرىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن تەشكىلگە خەۋەر قىلىپمۇ قويمايلا ئويۇن كۆرگىلى كېتىپ، بىر نەچچە كۈن يوقاپ كېتىپتۇ، بۇ چاغدا دادۈي مەسئۇللىرىنىڭ تازا ئاچچىقى كەپتۇ. بىر كۈنى ئەتىگەندىلا ئۇ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، قايتىدىن

داڭ ئۇرماقچى بولۇپ تۇرغاندا دادۇي مەسئۇلى ئاچچىق-
لانغان پېتى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ
تۇرۇپ، قوللىرىنى شىلتىپ: «ھە ھېسام، نەچچە كۈن نە-
لەردە يۈردۈڭ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تازا ئالدىراش مەزگىل-
لىرى تۇرسا بۇ» دەپ ئۇنىڭغا تازا كايىپ سۆزلەپ كېتىپ-
تىكەن، ھېسام گەپ ئارىلىقىدا: «باشلىق، ئەتىمالىم
دىققەت قىلمىغان ئوخشايسىز، مەن كېتىشتىن ئىلگىرى بىر
نەچچە كۈنلۈك داڭنى بىراقلا ئۇرۇۋەتكەن» دەپتىكەن،
ھېلىقى كىشى نېمە دېيىشىنى بىلمەي كۈلۈپ كېتىپتۇ.

بىر يىلى دادۇي مەسئۇللىرى زىغىر تېرىيدىغان يەر
ئۇقۇشۇش ئۈچۈن ھېسامنىمۇ بىللە ئېلىپ ئونيار تەرەپ-
لەرگە بېرىپ، ئېتىزلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، بىر ھازا دەم
ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئولتۇرۇپتۇ. ھېسامنى كۆرگەن بىر
نەچچە دېھقانمۇ ئۇنىڭ قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلىماق بولۇپ
بىللە ئولتۇرۇپتۇ. ھېسام ئارىلاپ-ئارىلاپ گەپلەرگە
يانداپ چاقچاقمۇ قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئەتراپتىكىلەر
بىر-بىرىنى يوچۈن كۆرگەچكىمۇ، ئەيتاۋۇر، زوق-شوخ
بىلەن كۈلمەپتۇ. بۇ چاغدا بىرى: «سېنى ھېسام، ھېسام
دەپ شۇنچە قىلساق باياتىن ھېچكىمنى كۈلدۈرەلمىدىڭ-

غۇ ي؟» دەپتىكەن، بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھېسام، «ماۋۇ ئا-
غىنىنىڭ گېپىنى، قارا باياتىن گەپ قىلسام، قاغىدەك جىم-
مىدە ئولتۇرساڭلار سىلەرنى قانداق كۈلدۈرىمەن» دەپتى-
كەن، ھېسامنىڭ ئۆزلىرىنى جايىدا قىلغان ئوخشىتىشىدىن
ھەممەيلەن پاراقلىشىپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

شۇ يىللاردا ھېسام ئاكا بۇ كەنتتىكى ئەل ئىچى
سەنئەتكارلىرى بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ ئۆتكەن.
شۇ ۋاقىتلاردا مەرھۇم نۇرمۇھەممەد كەنجىنىڭ يېتەكچى-
لىك قىلىشى، بۇ كەنتتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەدىب ۋە
شائىر توختاش بەكرى (1937 ـ 2014)نىڭ يېزىقچىلىق
ئىشلىرىغا ياردەمدە بولۇشى بىلەن سوتسىيالىستىك تەربى-
يەنى ئاساس قىلغان، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن
ئويۇن قويۇش بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا دادۇي نامىدىكى
ئويۇن قويۇش ئەترىتى قۇرۇلغان. ھېسام نومۇرلارغا
تەڭكەش قىلىپ داپ چېلىپ بەرگەن، بۇ ئويۇن قويۇش
ئەترىتى ئورۇنلىغان لەپەر، يالغۇز كىشىلىك، كوللېكتىپ
ناخشا قاتارلىق سەنئەت نومۇرلىرى خۇدىيارىيۈزى ۋە
ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئورۇنلاردا كۆرسىتىلىپ، شۇ جاپالىق
يىللاردا بەلگىلىك دەرىجىدە ئاۋامنىڭ مەنىۋى ئۇسسۇزلۇ-
قىنى قاندۇرغان. بۇ ۋاقىتلاردا توختاش
بەكرى دادۇي تەۋەسىدىكى تاملارغا
تەشۋىقات خاراكتېرىدىكى ئۇزۇندىلەرنى
يازغاندا ھېسام قۇربان ئۇنىڭغا بوياق،
قەلەملەرنى يەتكۈزۈپ بەرگەن. بوش
ۋاقىتلاردا بۇ دادۇيگە كېلىپ-كېتىپ تۇ-
رىدىغان ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىلىرىدىن
داۋۇتجان ناسىر، روزا ئابدۇۋەلى قاتار-
لىقلار بىلەن بىللە سورۇنلارنى تۈزۈپ
ناخشا، سازلارنى چېلىپ، ئۆزئارا چاق-
چاقلارنى قىلىپ تۇرغان.

بىر كۈنى دۇيجاڭ ھېسامنىڭ يېنىغا
كېلىپ: «ھېسام، سەن ئېغىر ئەمگەكلەر-
نى قىلالمايسەن، شۇنداقتىمۇ ئەزالار
بىلەن پاراڭ سالغاچ ئېتىزلارنى ئايلىنىپ
كەلمەمسەن؟» دەپتۇ. ھېسام: «مەن ئې-
تىزغا يېتىپ بارغۇچە باللىرىڭىزمۇ چوڭ
بولۇپ كېتەمدىكىن دۇيجاڭ» دەپتىكەن،
بۇ گەپنى ئاڭلىغان دۇيجاڭمۇ قاتتىق



كۆلۈپ كېتىپتۇ.

ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ھېسام ئەتىگەنلىك داڭنى ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئالدىرىماي كوچا ئايلىنىپ يۈرسە بىرنەچچەيلەن تام سوقۇۋاتقانىكەن، ئۇلار ھېسامنى كۆرۈپ ئۇنى گەپكە سېلىش مەقسىتىدە: «نېمە قىلىپ يۈرۈيسەنوي، ھېسام» دەپتۇ. ھېسام ئۇلارنىڭ گېپىگە جاۋابەن: «ئىچىم پۇشۇپ كوچا چىڭداپ يۈرىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان يەنە بىرەيلەن: «بىكاردىن-بىكار كوچا چىڭدىغۇچە، بىز بىلەن ھەمكارلىشىپ تامنى چىڭدىشىپ بەرسەڭچۇ؟» دەپتىكەن، ھېساممۇ دەرھاللا: «تامنى چىڭدىشىپ بەرسەمغۇ ياخشى بولاتتى، بىراق مەن چىڭدىغان تاملار ماڭا ئوخشاش قىڭغىر-سىڭغىر بولۇپ قالامدىكىن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ھېسام قۇربان كېيىنكى يىللىرى گۈڭشى مەسئۇللىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن تۇرپانيۈزىگە چىقىپ ئوتتۇرا تۇرپانيۈزى دادۈيىدە كۆزەتچى، مۇنچىغا قارىغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. گۈڭشى نامىدىكى ئويۇن قويۇش ئەترەتلىرىنىڭ ئەزاسى بولۇپ ئىشلىگەن. گۈڭشى نامىدىكى ئويۇن قويۇش ئەترەتلىرىنىڭ ئەزاسى بولۇپ ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ تۇرغان. 1970-يىللىرى ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئەۋج ئالغان مەزگىللەردە سىياسىي قالايمىقانچىلىقلار تۈپەيلىدىن ئامالسىز قايتا گەمە كەنتىگە يېنىپ كەلگەن.

ۋەزىيەت قايتىدىن ياخشىلىنىۋاتقان مەزگىللەرنىڭ بىر كۈنى، شەھەردىن داۋۇتجان ناسىر، ساتتار داۋۇت، مەۋلان ئىلى، ھبۇللام قاتارلىق تونۇلغان ناخشىچى، سازەندە، چاقچاقچىلار گەمە كەنتىنىڭ شۇ چاغلاردىكى سېكرېتارى نۇرمۇھەممەد ئاكىنىڭ ئۆيىدىكى ئولتۇرۇشقا چىقىپتۇ. بۇ سورۇنغا ھېسامنىمۇ ئاتايىتەن چاقىرىپ ئەكەپتۇ. ئويۇن باشلىنىپ بىر ھازا سازلار چېلىنىپ، ناخشىلار ئېيتىلغاندىن كېيىن ھېسامنىڭ ئېغىز ئېچىشى بىلەن سورۇندا چاقچاق باشلىنىپ كېتىپتۇ. ئەنە شۇنداق ھېسامنىڭ چاقچاقلىرى تازا ئەۋجىگە چىقىۋاتقان بىر ئارىلىقتا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، 30 ئوغۇل» دېگىنىچە ئۆيگە بىر كىشى كىرىپ كەپتۇ. ئۇ ئۇستىگە ھاۋارەڭ كۆڭلەك كىيىۋالغانىكەن، تازا بېرىلىپ چاقچاق قىلىۋاتقان ھېسام ئۇنىڭغىمۇ چاقچاق قىلىپ: «ئايالىڭىز سورۇندا ئالمىشىپ كەتمىسۇن دەپ، سىنىكىغا چىلاپلا ئەۋەتىپتۇ - دە سىزنى» دەپتىكەن، سورۇندىكىلەرنىڭ كۈلكىسى ئەۋجىگە چىقىپتۇ.

ھېسام قۇرباننىڭ يۇقىرىقىدەك ماكان خاسلىقى ئاساسىدا، كونكرېتنى ئىشىغا، ئوبيېكتقا قاراپ قىلغان چاقچاقلىرى شۇ دەۋرلەردە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان گەمە كەنتىدىكى پېشقەدەملەردىن بەداخۇن كىچىكئاخۇن، قېيۇم قۇربان قاتارلىق يۇرت چوڭلىرى تەرىپىدىن ھېلىھەم ئەۋلادلارغا سۆزلىنىپ كېلىنمەكتە. تىنچ-خاتىرجەم كۈنلەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھېسام قۇربان ئاكىنى ئۈلگە قىلغان ئاساستا گەمە كەنتىدىن يېتىشىپ چىققان چاقچاقچى ياشلاردىن مىرزەكىم، توختاخۇن مەرۇپ، ئىسكەندەر قېيۇم، ھەمراجان قېيۇم (قېيۇم قۇرباننىڭ بالىلىرى)، مۇھەممەدجان نۇرۇم قاتارلىقلار ئىلى تەۋەسىدىكى تۈرلۈك ئولتۇرۇش، سورۇنلارنى قىزىتىپ مەرھۇم ھېسام ئاكىنىڭ ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىلى چاقچاقچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلمەكتە.

(ئاپتور: تۇرپانيۈزى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە)


## بىلدۈرگۈ

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2012 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەتمىن Tel: (0991) 4554017

# 11 ـ ئەسىردىكى تېرىقچىلىق ۋە قوغۇن



مامۇت قۇربان

11 ـ ئەسىردە دېھقان «تارىغچى» («دىۋان»، 3 ـ توم، 333 ـ بەت) تېرىقچى دەپ ئاتىلاتتى. دانلىق زىرائەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى «تارىغ» (1 ـ توم، 483 ـ بەت)، «ئاشلىق» دەپ ئاتىلاتتى. «تارىغ» كۆپچىلىك تۈركىي خەلقلەر تىلىدا «بۇغداي» دېگەن مەنىدە بولسىمۇ، لېكىن ئوغۇزلارلا بۇ سۆزنى «تارىغ» دېگەن مەنىدە قوللىناتتى. ئوغۇزلار بۇغداينى ھازىرقىدەكلا «ئاشلىق» (1 ـ توم، 154 ـ بەت) دەپ ئاتايتتى. تۈركىي خەلقلەر بۇغداينى 11 ـ ئەسىردىن خېلى بۇرۇنلا ھازىرقىدەكلا «بۇغداي» (ـ توم، 330 ـ بەت) دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

11 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار تېرىيدىغان دانلىق زىرائەتلەر ئىچىدە بۇغدايدىن باشقا، يەنە تېرىق كۆپرەك تېرىلاتتى. «چۈجگۈن قوناق» (چاۋدار 1 ـ توم، 499 ـ بەت)، «ئارپا» (1 ـ توم، 167 ـ بەت)، «تۈتۈرقان» (1 ـ توم، 675 ـ بەت)، «گۈرۈچ، ئۈگۈر» (كۈنجۈت) (1 ـ توم، 76 ـ بەت)، «پۇرچاق» (1 ـ توم، 609 ـ بەت) ئوغۇزلار «باغ ئۈگۈرۈ»، چىگىللەر «كۈچ» دەپ ئاتايدىغان «كۈنجۈت» (1 ـ توم، 76 ـ بەت) قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىشتىن باشقا، يەنە «كۈنجۈت» دېگەن مەنىدىكى «كۈنچۈ» (3 ـ توم، 167 ـ بەت)، «يىتىم» دەيدىغان «زىغىر» (3 ـ توم، 29 ـ بەت) ۋە «سىياھدان» (3 ـ توم، 327 ـ بەت) قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلاتتى. 11 ـ ئەسىردە زىرائەت تېرىلىدىغان يەر «ئېتىز» (ئېتىزلىق)، «تېرىلغۇلۇق» (1 ـ توم، 646 ـ بەت) دەپمۇ ئاتىلاتتى. مەھمۇد كاشغەرىي دېھقانچىلىق قىلىدىغان يەرلەرنى ئوغۇزچە «ئەكىن» (1 ـ توم، 106 ـ بەت) «ئەكىنلىك» دەيدىغانلىقىنى يازىدۇ. «دىۋان»دا يەنە «تېرىقچىلىق» (1 ـ توم، 523 ـ بەت) قىلىش ھەققىدە توختىلىپ، مۇنداق بىر ماقالىنى يازىدۇ: «ساپان ۋاقتىدا پۇختىلىق بولسا، خامان ۋاقتىدا جاڭجال بولماس. بۇ ماقالە كېيىن جاڭجال چىقماسلىقى ئۈچۈن، ئىشنى باشتا پۇختا ئىشلەش لازىملىقىنى ئۈندەپ ئېيتىلغان».

11 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار يەرلەرنى ھەيدەشتىن بۇرۇن ھازىرقىدەكلا ئوغۇتلايتتى، ئۇلار يەرنى يۇمشىتىدىغان نەرسىنى «ئوغۇت» (3 ـ توم، 177 ـ بەت)، «قىغ»، يەرنى ئوغۇتلاشنى «قىغلاماق»، (2 ـ توم، 509 ـ بەت) دېيىشەتتى. ئېتىزلار بۇقۇسا (قوش) بىلەن ئاغدۇرۇلاتتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا «ساپان» (1 ـ

توم، 523 ـ بەت) ـــ «قوش» دېگەن بۇ سۆز ھەم ساپاننى ھەم دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى بىلدۈرۈپلا قالماي، يەنە «قوش» دېھقانچىلىق، تېرىقچىلىق دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «ساپان سالدى» (3 ـ توم 4868 ـ بەت)، دەپ يېزىش ئارقىلىق ئېتىزلارنى ھەيدەش، قوش سېلىش ھەققىدىمۇ مەلۇمات بەرگەن. لېكىن «دىۋان»دا يەرنى ھەيدەش دېگەن مەنىدە باشقا سۆزلەرنى ئىشلەتكەنلىكىنىمۇ ئۇچرىتىمىز. بۇلاردىن بىرى يەر «ئاختۇردى» (293 ـ بەت) ئاغدۇردى. كىشىلەر يەرلىرىنى تېرىشقا، سۇغىرىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئاغدۇرۇشتىن بۇرۇن يەرلەرنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، سۇغىرىدىغان «ئېرىق» (1 ـ توم، 496 ـ بەت) لارنى ئېلىپ، «قىر» (3 ـ توم، 408 ـ بەت)لارنى سېلىپ، ئېتىز ـ ئېتىزلارغا بۆلەتتى. بۇنى يەر «ئەتىزلەمەك» (1 ـ توم، 384 ـ بەت)، (ئېتىزلاش) دەپ ئاتايتتى.

يەر ئاغدۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان «بۇقۇسا» (3 ـ توم، 333 ـ بەت)نىڭ ئۇچىغا كىيدۈرۈلىدىغان تۆمۈرقاپ «چىش» (3 ـ توم، 173 ـ بەت) دېيىلەتتى. ساپانغا ئۆكۈزنى قوشقاندا ھازىرقىدەك ياغاچتىن ياسالغان سىياچىك «بويۇنتۇرۇق» (3 ـ توم، 247 ـ بەت) ئىشلىتەتتى. ئات، ئېشەكلەرنى ساپانغا قوشقاندىمۇ ھازىرقىدەك ساپاننىڭ ئۇقىغا باغلاش ئۈچۈن، ياخشى ئۆرۈلگەن «قىپىش» (3 ـ توم، 15 ـ بەت)، تاسما، قىپىشتىن ئۆرۈلگەن ئارغامچا، «كاشا» (1 ـ توم، 607 ـ بەت)، ئىشلىتىدىغانلىقى ھەققىدە يازغان بولسىمۇ، لېكىن سەھرالىرىمىزدا ھازىرغا قەدەر ئىشلىتىلىۋاتقان «كۇلا» (چىقىرتماق ياكى چىغدىن تولاپ ئېشىلىدۇ)نى ياكى ئارغامچىنى ئىشلىتىدىغان ـ ئىشلەتمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇق توختالمىغان. «دىۋان»دا يەنە «ئاماچ» (1 ـ توم، 73 ـ بەت) دېگەن سۆزنى «ياغاچ ساپان ـ بۇقۇسا» دەپ چۈشەندۈرگەن. يەر ئوغۇتلىنىپ، ئوسا قىلىنىپ ھەيدىلىپ بولغاندىن كېيىن، زىرائەت تېرىش باشلىناتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «تېرىلدى» دېگەن سۆزدىن چىقىپ، ئەگەر ئاشلىق تېرىلىپ بولغان بولسا «ئاشلىق تېرىلدى»، ئۇرۇق چېچىلىپ بولغان بولسا، «ئۇرۇق چېچىلدى» (2 ـ توم، 176 ـ بەت)، ئاشلىق تېرىدىغان بولسا «ئاشلىق تېرىدى» (1 ـ توم، 227 ـ بەت) دەپ يازغان. گەرچە مەھمۇد كاشغەرىي يەرنى ئوغۇتلاش، تېرىش ھەققىدە كەڭرى توختالغان بولسىمۇ، لېكىن يەرنى ئوسا قىلىش ھەققىدە توختالمىغان. لېكىن يەر سۇغىرىش ھەققىدە يازغانلىرىدىن قارىغاندا ئەينى ۋاقىتتا ئوسا قىلىش ئومۇملاشقان ئىش بولۇشى مۇمكىن. گەرچە «دىۋان»دا «كانجىلاش»، «سېرىق ئوسا» ھەققىدە بىرەر ئۇچۇرغا ئىگە بولالمىغان بولساقمۇ، ئۇيغۇرلار ھازىرقى ۋاقىتتا كۆزكى بۇغدايغا توڭ ياتقۇزۇش ئۈچۈن قويغان سۇنى «كانجى سۈيى» دېسە، ئەتىيازدا يەرلەرنى ئوسا قىلىشنى «سېرىق ئوسا» دەپ ئاتىشىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا تېرىقچىلىق مەزگىلىدە كىشىلەر بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىپ ئاشلىق تېرىشىپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ، «ئۇ ماڭا ئاشلىق تېرىشىپ بەردى» (1 ـ توم، 252 ـ بەت) دەپ يېزىش ئارقىلىق، تېرىقچىلىق مەزگىلىدىكى ئۆزئارا ھەمكارلىقنى تىلغا ئالغان.

دېھقانلارنىڭ ئېتىزىغا چاچىدىغان ئۇرۇقى «ئىسرۇغ» (1 ـ توم، 87 ـ بەت) دېيىلەتتى. ئۇرۇقلۇققا ئايرىپ قويۇلغان بۇغداي، «ئۇرۇقلۇق بۇغداي» (1 ـ توم، 203 ـ بەت) دەپ ئاتالسا، يەرگە ئۇرۇق سېلىشنى «ئۇرۇق ئىكىش» (1 ـ توم، 189 ـ بەت) دەيتتى، بەزىدە «ئۇرۇق چاچتى»، «ئۇرۇق ئەكتى»، (3 ـ توم، 412 ـ بەت) دەپمۇ ئاتىشاتتى. بۇنىڭدىن شۇنىسى ئېنىقكى، ھەر يىلى تېرىلغان بۇغدايدىن كېلەر يىلغا قارىتا ئۇرۇقلۇق ئايرىپ ئېلىناتتى. ئۇرۇق چېچىپ يەر ئاغدۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇقنىڭ توپىغا تولۇق كۆمۈلۈشى ئۈچۈن، ئۇنداق يەرگە ئات، ئېشەك ياكى كالا قوشۇلغان سۆرەم سېلىناتتى. ئادەمنىڭ سۆرەم سېلىشنى «چىگنەمەك» (3 ـ توم، 412 ـ بەت) دېيىشەتتى. يەرگە ئۇرۇق سېلىپ ئاغدۇرۇپ، ئاندىن سۆرەم سېلىناتتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «بىر ئىكىم يەر» (1 ـ توم، 103 ـ بەت) دېگىنى ھازىرقى بىر مو يەرلەرگە توغرا كەلسە، «بىر ئېقىم سۇ» (1 ـ توم، 103 ـ بەت) دېگىنى بىر مو يەرگە قويۇلىدىغان بىر قېتىملىق سۇنى كۆرسەتسە كېرەك.

تېرىلغۇنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلى ئەتىيازنىڭ باشلىرى بولۇپ، ئۇلار بۇ مەزگىلدە پۈتۈن كائىنات يېشىللىققا پۈركۈلىدىغان مەزگىل ئىكەنلىكىنى شېئىر (1 ـ توم، 569 ـ بەت) بىلەن بايان قىلغان. بۇنىڭدىن 11 ـ ئەسىردە ئەتىيازلىق، كۆزلۈك بۇغداي تېرىمى توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە دېيىلمىگەن بولسىمۇ، ئۆسۈۋاتقان زىرائەتلەر سۇ تەلەپ قىلىدىغان مەزگىللەردە سۇغىرىلاتتى. مەھمۇد كاشغەرىي

«دىۋان»دا «سۇغۇرۇلدى» (2 ـ توم، 174 ـ بەت) دېگەن سۆزنى «ھەرقانداق نەرسىگە سۇ سىڭىپ كەتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن. «دىۋان»دا دېھقانلارنىڭ زىرائەتلەرنى سۇغىرىش ئادىتى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇنداق بىر ماقالىنى تىلغا ئالىدۇ: «بۇغداي باھانىسىدە قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ» دەپ يېزىش ئارقىلىق. بۇغداي ئارىسىدا ئۆسىدىغان قارىمۇقنىڭ بارلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

زىرائەتلەرنى سۇغىرىش ئۈچۈن ئېتىزلار ئارىسىدا ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر قېزىلاتتى، چوڭ ـ كىچىك تارتىلاتتى. (مەھمۇد كاشغەرىي «قىرلىدى» دېگەن سۆزنى «چوڭەك تارتتى» (3 ـ توم، 408 ـ بەت)، يەنى قوغۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى تېرىش ئۈچۈن يەرگە چوڭەك تارتتى. ئېتىزغا قىر تارتىشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ، دەپ ئىزاھلايدۇ. سۇغىرىشتا ئېرىقتىكى مۇھىم نۇقتىلارغا «تۇغ» (3 ـ توم، 176 ـ بەت) «تۇغان» تۇتۇلاتتى. بەزى يەرلەرنى سۇغۇرۇشتا ئەگەر ئېتىزغا سۇ چىقماي قالسا، ئۇ ھالدا «ئېرىق» (1 ـ توم، 386 ـ بەت)قا ياغاچتىن «تاقاق» (3 ـ توم، 303 ـ بەت) سالاتتى، تېرىلىدىغان يەرلەرنىڭ شارائىتىغا قاراپ «ئۆستەڭ» (2 ـ توم، 272 ـ بەت)لەرمۇ چېپىلاتتى. يەر شارائىتىغا قاراپ «ئېرىقلىق يەرلەر» (1 ـ توم، 200 ـ بەت) قالدۇرۇلاتتى. ئېتىزغا سۇ باشلايدىغان ئېرىقلار خۇددى ھازىرقىدەكلا «ئېرىق» دېيىلەتتى. ئېرىقلاردىن ئېتىزلارغا سۇ باشلاش ئۈچۈن، ئېرىقتىن ئېغىز ئېچىلىدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىپ «ئۇ ئېرىققا ئېغىز ئاچتى» (1 ـ توم، 397 ـ بەت) دەپ يازغان. ئېتىزلاردىن ئېتىزلارغا سۇ باشلاش ئۈچۈن، سەل ئېگىزرەك بولغان ئېتىزدىن تۆۋەنكى ئېتىزغا يانتاق بىلەن ئېغىز تۇتۇلۇپ سۇ باشلىناتتى.

11 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئىككى ئېرىق ئارىسىدىكى يەرلەرنى «ئېتىز» (1 ـ توم، 77 ـ بەت) دەپ ئاتىشاتتى. ئېتىزلار تېرىلىشتىن بۇرۇن قىرلىرى قايتا قىرلىنىپ (3 ـ توم، 409 ـ بەت)، تېرىقچىلىققا لايىقلاشتۇرۇشنى «يەر ئېتىزلىمەك» (1 ـ توم، 396 ـ بەت) دەپ ئاتىشاتتى. ئېرىققا سۇ باشلاشتىن بۇرۇن ئېرىق قاشلىناتتى. ھازىرقى ۋاقىتتا ئېتىز قىرلىماق دېيىلىدۇ. يەر سۇغىرىش نۆۋەت بىلەن كېلەتتى. بۇنى «ساپ» (3 ـ توم، 198 ـ بەت)، نۆۋەتنىڭ كەلدى دېيىشەتتى.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دېيىشچە، زىرائەتنىڭ ئۆسۇشىگە زىيان يەتكۈزىدىغان بىر قىسىم ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يۇلۇپ تاشلايتتى. بۇنى «ئېكىن ئوتالدى» (1 ـ توم، 260 ـ بەت) دەپ يېزىپ، زىرائەتلەردىكى ياۋا چۆپلەرنى ئوتايدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. يەنە بەزى چاغلاردا زىرائەتلەر بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىنى پۇتاش ئېلىپ باراتتى. بۇنىمۇ «ئېكىن ئوتۇماق» (3 ـ توم، 344 ـ بەت)، دېيىشەتتى. قۇشقاچقا ئوخشاش قۇشلار ۋە ھاشاراتنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، ئېتىز باققۇچى دۇمبىقىنى چالاتتى. بۇ خىل دۇمباق «قاقىراتقۇ» (2 ـ توم، 489 ـ بەت) دېيىلەتتى، بۇنداق ئىش سەھرالىرىمىزدا ھازىرمۇ مەۋجۇت.

بۇغداي، ئارپا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش زىرائەتلەر «قىلتىرىق» (3 ـ توم، 569 ـ بەت)لىنىپ ۋە «باش چىقىرىپ» (2 ـ توم، 345 ـ بەت) پىشىشقا باشلايدۇ. باشاقلارنىڭ دان تۇتۇشى دېگەننى 11 ـ ئەسىردە «ئىچلەندى» (1 ـ توم، 340 ـ بەت)، «زىرائەت دان تۇتتى»، «ئاشلىق دان تۇتتى»، (1 ـ توم، 386 ـ بەت) دېيىشەتتى. دان تۇتقان بۇغداي تېخى قېتىپ بولمىغان مەزگىلدە بەزى باشاقلارنى «چورۇش» (1 ـ توم، 177 ـ بەت) ھالىتىدە ئوتتا پۇچىلاپ يەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بار ئىدى.

زىرائەت ياخشى پىشىپ دانلىرى قېتىشقاندىن كېيىن ئورما باشلىناتتى. «ئورما ئورۇش» (1 ـ توم، 232 ـ بەت)، يەنى بۇغداي ئورىدىغان سايمان «ئورغاق» (1 ـ توم 161 ـ بەت) بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ سۆز ھازىرمۇ شۇ پېتىچە ئىشلىتىلمەكتە. ئارغۇلار ئورغاقنى «باشتار» (1 ـ توم، 594 ـ بەت) دەيتتى. بۇغداي ئورۇش دېگەن مەنىدىكى سۆزنى ئۇچراتقىلى بولمىسىمۇ، لېكىن «دىۋان»نىڭ بىر يېرىدە ئورۇلغان بېدىنى «بىچما يورىنچغا»(1 ـ توم، 561 ـ بەت) دەپ يازغان. لېكىن ئاشلىق ئورۇش سايمىنى دەپ ئورغاقتىن باشقا ھېچ نەرسە يېزىلمىغانلىقىغا قارىغاندا «ئورماق» دېگەن سۆزمۇ «ئورغاق» دېگەن مەنىدە كەلسە كېرەك. ئورمىدا ئورغاق گاللىشىپ قالسا ئۇنى ئىتتىكلىتىش ئۈچۈن بىلەيدۇ. بۇ ھال ھازىرقىدىن پەرقلىق ھالدا «بىلەندى» ۋە (بىسى ئىتتىكلىتىلدى» (2 ـ توم، 179 ـ بەت) دېيىلەتتى. زىرائەت ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، قېپقالغان ئۇچىچەكلەرنى «ئېگىز» (1 ـ توم، 126 ـ بەت) دەپ ئاتىشاتتى، بۇ سۆز ھازىرمۇ شۇ بويىچە ئاتىلىپ كەلمەكتە.

زىرائەتلەر ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆنچىلەر ھازىرقىدەك خامانغا توشۇلاتتى. «دىۋان»دا «بۇغداي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇشۇتتى»، «تارىخ تۇشۇدى» (2 - توم، 449 - بەت) ۋە
«ئۇلار ئىككىسى بۇغداي يۇدۇشتە بىر - بىرىگە ياردەم-
لەشتى»، (3 - توم، 95 - بەت) دېگەن سۆزلەر بىر تەرەپتىن
بۇغداي ئۆنچىلىرىنىڭ بىر يەرگە توشۇلۇشىنى كۆرسەتسە،
يەنە بىر تەرەپتىن بۇغداينى تاغارلارغا قاچىلاپ بىرسىنىڭ
بۇغداينى يۇدۇشكە ياردەملىشىشىنى كۆرسىتەتتى. ئۇلار
بۇغداي ئۆنچىلىرىنى كۆتەك هارۋىدا، يەنى «قاڭلى» (3 -
توم، 517 - بەت)دا توشۇلغان بولۇشى مۇمكىن. مەھمۇد
كاشغەرىينىڭ «دىۋان»دا، ئۇلاققا ئارتىلىدىغان «ئارتىق»
(1 - توم، 133 - بەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، ئاشلىقلار
تاغارلارغا قاچىلىنىپ، ئات - ئېشەك، قېچىر، ئۆكۈز، تۆگە-
لەردە توشۇغان بولۇشى مۇمكىن. 11 - ئەسىردە ئاشلىقنى
خاماندا تېپىشتە، تۇلۇق ئىشلىتىدىغان ياكى ئىشلەتمەيدى-
غانلىقى ھەققىدە مەلۇمات ئۇچراتمىدۇق. «تەپمەك»
دېگەن سۆزنىڭ يېزىلىشىدىن قارىغاندا خامانغا كالا،
ئېشەك، تۆگە قېتىپ، دەسسىتىپ تېپىدىغانلىقى مەلۇم.
مەھمۇد كاشغەرىي ئارغۇلار خامان تېپىشكە ئىشلىتىدىغان
ئۆكۈزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆكۈزنى «ئوپ» (1 - توم،
48 - بەت) دەيدىغانلىقىنى يازىدۇ. ئۇ «ماما» («مۇما»
دەپ ئاتىلىدۇ) دېگەن سۆزنى ئىزاھلىغاندىمۇ «خامان تې-
پىشتە ئوتتۇرىغا قېتىلىدىغان ئۆكۈز، باشقا ئۆكۈزلەر
ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ» (3 - توم، 324 - بەت) دەپ يا-
زىدۇ. 11 - ئەسىردىمۇ خۇددى هازىرقىدەك مۇمىغا ئۇزۇم
ياغىچىدىن «تۆگگۈلۈك»، ئۇنىڭغا ئارغامچا ئۇلاپ،
ئاندىن كالا، ئېشەك، تۆگىلەرنى خامانغا قاتىدىغانلىقى
مەلۇم. خامان تېپىشتە ئالدى بىلەن ئۆنچە باستۇرۇپ،
پايخاناپ كىرى ئېلىنىپ، شامالدا سورۇلۇپ، بۇغدىيى
بىلەن سامىنى ئايرىۋېلىنىدۇ. بۇ قېتىمدا ئايرىۋالغان بۇغ-
داينىڭ سامان (توپىنى) تېخى ئايرىلمىغان بولىدۇ. مەھمۇد
كاشغەرىي «دىۋان»دا «سورىدى» (3 - توم، 108 - بەت)
دېگەن سۆز ئاساسىدا «ئادەم خاماندا ئاشلىق سورىدى.
شامالدا ھەرقانداق نەرسىنى سورۇپ تازىلاشقىمۇ شۇنداق
دېيىلىدۇ، دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇغداي سورۇش پەقەت
شامال چىققاندىلا ئېلىپ بېرىلاتتى. سورۇش ئىشىنى بەزى-
لەر يەنە «سورۇدى» (1 - توم، 224 - بەت) دېيىشەتتى. خا-
مانى سورۇپ بولغاندىن كېيىن، سامان بىلەن ئاشلىق دان-
لىرى بىر - بىرىدىن ئايرىپ ئېلىناتتى. سامىنى ئايرىلغان
بۇغداي، «چەش» (3 - توم، 563 - بەت) دېيىلەتتى. مەھمۇد
كاشغەرىي بۇغداينى بۆلۈشتە ئىشلىتىلىدىغان «كەمچەن»
(3 - توم 311 - بەت)، «ساغۇ» دەپ يازسا، يەنە بىر يېرى-
دە، «ئادەم بۇغداي كەملىدى» (3 - توم، 443 - بەت)
دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەردە ئۇيغۇر ئېلىگىچە
بولغان جايلاردا ئاشلىق ئۆلچەشكە ئىشلىتىلىدىغان
«كەمچەن» (1 - توم، 545 - بەت) «قىرىقلۇم ساغۇ» (3 -
توم، 570 - بەت) دېيىلىدىغان بىر خىل كەمچەنمۇ بولۇپ،
ئاشلىق لىق توشقىنى بىر بىرلىك ھېسابلىناتتى. بۇ 11 - ئە-
سىردىكى ئېغىرلىق ھەجىم بىرلىكى بولۇشى مۇمكىن.
چەچىلىنىپ بولغان بۇغداي بىر چەتكە يىغىلاتتى ۋە «دۆ-
گىلىنەتتى» (3 - توم، 98 - بەت). بۇغداينى تازىلاش ئاسا-
سەن بۇغدايدىكى «قارامۇق»قا ئوخشاش كېرەكسىز نەر-
سىلەر ۋە يانچىلماي قالغان چارلارنى ئايرىۋېتىشنى
مەقسەت قىلاتتى. بۇ ئىش ھازىرقىدەك «بۇغداي ئېرىغ-
داش» (1 - توم، 279 - بەت) دېيىلەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن
غەلۋىر، ئۆتكەمە كېرەك بولاتتى. خامان سورۇشتا
«ئارا» (1 - توم، 170 - بەت) ئىشلىتىلەتتى. ئارىلار بەش
پەررىلىك، يەتتە پەررىلىك بولاتتى. بۇ سايمانلار ھازىرمۇ
ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. 11 - ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇغداي
تېرىيدىغان، بۇغداي تازىلايدىغان (2 - توم، 471 - بەت)
مەخسۇس يەرلىرى بار ئىدى. «ئۇ ماڭا بۇغداي ئېرىغدى-
شىپ بەردى» (2 - توم، 472 - بەت) دەپ يازغىنىدىن قارى-
غاندا 11 - ئەسىردە ھازىرقىدەكلا بۇغدايغا ئۆتكەمە ياكى
غەلۋىر سىلىپ، تاسقاپ، ئۆلگەكدەپ (يەلپۈنۈپ) چار، قارا-
مۇق، «دانگال» (3 - توم، 523 - بەت) قاتارلىقلارنى چىقى-
رىپ تاشلايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. «دىۋان»دا يەنە
چىگىللەر سامانىنى «سامان» (1 - توم، 541 - بەت). ئوغۇز-
لار «كۈۋۈك» (3 - توم، 225 - بەت) دەيدىغانلىق توغرى-
سىدىمۇ مەلۇمات بەرگەن.

ئۇيغۇرلار يەرنى ئاق قالدۇرۇش ئارقىلىق يەرنىڭ
مەھسۇلات ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، زەيلىك چىپىش ئارقىلىق
يەر ئۆزلەشتۈرۈش، سۇ قۇيۇپ تۇپراق ئېقىتىش،
«شورتاڭ يەر» (1 - توم، 472 - بەت)نى شورسىزلاش،
زەيكەش يەرلەرگە شال تېرىش، سەل شورسىمان يەرلەر-
گە ئاق قوناق (تۇرپان قونىقى — توغرۇ قوناق دېيىلىدۇ)
تېرىش ۋە بوز يەرلەرگە بېدە تېرىپ ئۆزلەشتۈرۈش
ئېلىپ بارغان بولسا، كۈزگى بۇغداينى كونا توپىدا
توپىلاش ئارقىلىق يەرنىڭ ئۇغۇتلىنىش دەرىجىسىنى يۇقى-
رى كۆتۈرۈپلا قالماي، بۇغدايلارنىڭ بىخلىنىشىنى ئىلگى-
رى سۈرۈشتىمۇ بەلگىلىك ئىلمىي تەجرىبىلەرگە ئىگە

ئىدى. ئۇلار ئېتىزلارنى ئاغدۇرۇپ، يەرنىڭ ئوغۇتلىنىش
دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يېشىل ئوغۇت ئارقىلىق
تۇپراقتىكى مىكرو جانلىقلارنى كۆپەيتىش ئۇسۇللىرىنىمۇ
قوللىنىپ، تۇپراق سۈپىتىنى ياخشىلاپ كەلگەن. ئەجدادلى-
رىمىز يەر ئەھۋالىغا قاراپ قوتان ئوغۇتى (كالا، قوي،
ئېشەك، تۆگە، ئات، كەپتەر مايىقى) بىلەن يەرلەرنى ئو-
غۇتلاپ، يەرلەرنىڭ ھوسۇل بېرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى
كۆتۈرۈپ كەلگەن.

گەندە بىلەن يەر ئوغۇتلىغاندا، تۇپراقنىڭ مۇنەكلى-
شىپ، يەرنىڭ قېتىپ يەردە يانتاق، شىخا (چېقىر تىكەن)
ۋە لويلا (قامغاق)قا ئوخشاش ئۆسۈملۈكلەر كۆپىيىپ، يەر
ئۈنۈمسىزلىشىپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئۈچۈن پايدى-
سىز بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئەمەلىي پاكىت ئۇلارنى مول
ئىلمىي تەجرىبىلەرگە ئىگە قىلغانىدى. گەرچە ئەينى ۋاقىتتا
ئۇيغۇرلاردا گەندىنىڭ ئىشقارلىق بولۇپ، يەرنى قاتۇ-
رۇش رولى بارلىقى توغرىسىدا ھازىرقىدەك ئىلمىي چۈشەن-
چە بولمىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي تەجرىبە ئىدى. شۇڭا ئۇلار
گەندىنى خۇسۇسىيىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئوت - چۆپ
كۈللىرى بىلەن بىللە ئوغۇت ئورنىدا ئىشلەتمەيتتى.
بۇلارنى قوتان ئوغۇتىغا ئازراق نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ
ئوغۇتلىغاندا، ئوت - چۆپ كۈللىرى ۋە گەندىنىڭ يەرگە
بولغان قوشۇمچە تەسىرىدىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى
خېلى بۇرۇنلا بىلەتتى. ئۇلار يەنە ئۇزاق مۇددەتلىك تەج-
رىبىلىرى جەريانىدا گەندىنى قوغۇن، تاۋۇز، سەۋزە،
چامغۇر، كاۋا قاتارلىق يېمىش ۋە كۆكتاتلار تېرىلىدىغان
يەرلەرگە چاچسا، ئۇلارنىڭ تەمدە ئۆزگىرىش بولۇشتەك
ئىلمىي چۈشەنچىلەر ئۇلارنى قوغۇن، تاۋۇز، كاۋىلارنى
تەركىبىدە ھەر خىل ئورگانىك ماددىلىرى كۆپ بولغان ئاد-
راسمان، بۇيا، كۆك يانتاقلارغا ئازراق قوتان قىغى ئارى-
لاشتۇرۇپ ئوغۇتلىغاندا قوغۇن، تاۋۇز، كاۋىلارنىڭ تەمى-
نىڭ ئۆزگىچە بولىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا بايقىغان. بۇ
يەردە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى، ئۇيغۇر ئانىلىرىمىز
ئوسمىغا ئوتۇن كۈللىرى (ئاساسلىق خىمىيەۋى تەركىبى:
كالىي كاربونات بىلەن ناترى كاربوناتنى مۇۋاپىق) چېچىپ
قويسا ئۇنىڭ باراقسان بولۇپ ئۆسىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى.

تارىم ۋادىسى، بولۇپمۇ خوتەن، مەكىت، يەركەنت
مارالبېشى، تۇرپان ئەتراپىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز
قوغۇن ئۇرۇقىنى قومۇش (پىچان) يىلتىزى، يانتاق يىلتى-
زىغا يۆلەپ سېلىش ئارقىلىق، قوغۇن، تاۋۇز پىلىكىنىڭ
نەملىك سۈمۈرۈش شارائىتىنى ياخشىلاش بىلەن ئۇرۇقنىڭ
بىخلىنىشىنى تېزلىتىپ، پىلەكنىڭ ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىش
ئىقتىدارىنى ياخشىلاش جەھەتتىمۇ مۇئەييەن ئىلمىي تېرىق-
چىلىق قىلىش چۈشەنچىلىرىگە ئىگە ئىدى.

ئۇيغۇرلار زىرائەتلەرنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ئارقى-
لىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ فىزولوگىيەلىك رولىدىن تولۇق پاي-
دىلىنىپ، يەرنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماي،
بەلكى زىرائەتلەرنىڭ ھەر خىل كۈشەندىلىرىنى جەلىپ
قىلىپ يوقىتىش ۋە ئۇلاردىن ساقلىنىش، مۇداپىئەلىنىش
جەھەتلەردىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق
چۈشەنچىلىرىگە ئىگە ئىدى. مەسىلەن، قوناق چۆرىسىدە
كەندىر ۋە گازىر تېرىش ئارقىلىق قوناققا چۈشىدىغان
ھەر خىل زىيانلىق ھاشاراتلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ ئال-
دىنى ئالغان. ئۇنىڭدىن باشقا باغلىرىغا، ئېتىز قىرلىرى ۋە
ئېرىق بويلىرىغا جىگدە، تېرەك، سۆگەت تىكىش ئارقى-
لىق، ھەر خىل قۇشلارنى جەلپ قىلىپ، زىيانلىق ھاشارات-
لارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپلا قالماي، بوران
ئاپەتلەرنىمۇ توسۇپ قالغان.

ئۇيغۇرلار خېلى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى، ياڭاق
ماكىلانغاندىن كېيىنكى ئۇنىڭ كۆك پوستىنى قۇرۇتۇپ،
ئۇنى يانچىپ، سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، نەشپۈت دەرى-
خىگە پۈركەش ئارقىلىق نەشپۈتتە پەيدا بولىدىغان قارا
داغ كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالغان ۋە كونترول قىلىپ
كەلگەن. ئېتىز باشلىرىغا زەرنىخ (مەرگىمۇش)نىڭ بال
ياكى شېكەرگە چىلانغان سۇيۇقلۇقىنى قويۇش ئارقىلىقمۇ
ھاشاراتلارنى جەلپ قىلىپ يوقىتىش ئېلىپ بارغان. بۇ ئۇ-
سۇللار بەلگىلىك خىمىيەۋى چۈشەنچىلەر ئاساسىدا بارلىققا
كەلگەنىدى.

11 - ئەسىردە ئۇيغۇرلار بۇغداي، تېرىق، گۈرۈچ،
ئارپا، ئاق قوناق، چۈجگۈن، قوناق، سەۋزە (1 - توم،
175 - بەت)، (قەشقەردە تېرىلغان تاتلىق سەۋزە)، چامغۇر،
تەرخەمەك، پىياز، سامساق پىياز، پېدىگەن، كۆكمۇچ،
بېدە، يۇمغاقسۈت قاتارلىق كۆكتاتلارنى تېرىپلا قالماي،
يەنە قوغۇن، تاۋۇز، كاۋا، قاپاق، ئاباشى (ئاغىچە يۇغۇچ-
قازان يۇغۇچ)لارنىمۇ تېرىيتتى. ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما،
ئالۇچا، قارىئۆرۈك، ياڭاق، بادام، پىستە، ئەنجۈر، ئانار،
ئالگىرات قاتارلىق مېۋىلەرنى ئۆستۈرەتتى. قىچا، زىغىر،
زاراڭزا، زاغۇن، ئاپتاپپەرەس «ئۇگۈر» (كۈنجۈت) (1 -
توم، 76 - بەت) قاتارلىق مايلىق دانلارنى تېرىيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قوغۇن ئۇرۇقى شاپتۇل ئۇچكىسى، ئۆرۈك ئۇچكىسى، گازىر، سىياھدانلاردىن ماي سىقىپ چىقىراتتى.

تارىم بوستانلىقىدا ياشىغان قەدىمكى ئۇيغۇرلار مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا كېۋەز تېرىپ ئۇنىڭدىن «پاختا» (1 ـ توم، 492 ـ بەت)، ئېلىپ كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپىلەرگە ئىشلەتكەن. «دىۋان»دا كېۋەز تېرىغان يەر ھەققىدە توختىلىپ: «كېۋەزلىك» (1 ـ توم، 659 ـ بەت) دەپ يازغان بولسا، كېۋەز تېرىغان ئادەم ھەققىدە توختىلىپ، «كېۋىزى بار ئادەم» دەپ مەلۇمات بەرگەن. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»نىڭ بىر يېرىدە «ئۇرۇقلاندى» (1 ـ توم، 386 ـ بەت) دان تۇتتى دېگەن سۆز ئاساسىدا «ئاشلىق دان تۇتتى»، «ئۇرۇق قوزغىلدى» دەپ يېزىپ «ھەرقانداق مېۋىگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ» دەپ ئىزاھلىغان بولسا، يەنە بىر يېرىدە «ئېرىغلىدى» (1 ـ توم، 399 ـ بەت) دېگەن سۆز ئاساسىدا «ئۇ كېۋەز ئېرىغلىدى، يەنى پاختىنى چىگىتىدىن ئاجراتتى، ھەرقانداق مېۋىنىڭ ئۇرۇقىنى ئايرىشقىمۇ شۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن.

11 ـ ئەسىردە پاختا چىگىتىدىن خۇددى ھازىرقىدەك «چىغرىق» ئارقىلىق ئاجرىتىپ ئېلىناتتى. بۇنى «پاختا چىقارماق» دەپ ئاتىشاتتى. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە يازغان «چىغرىق»، تۈگمەن چاقى، غالتەك، يىپ ئېگىرىدىغان چاق، چاقپەلەكلەرنىڭ ئومۇمىي نامى بولسىمۇ، لېكىن چىغرىق ھازىرقى ۋاقىتتا پاختىنى چىگىتسىزلاندۇرىدىغان سايمانىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغا قەدەر ساھرالىرىمىزدا قول بىلەن ئىشلەيدىغان پاختا چىقىرىدىغان چىغرىقنىڭ بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇنچە زامانلاردىن بېرى ئەنئەنىۋى ھۈنەرلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاسىيا كېۋىزى ئەسلىدە ھىندىستاندا تېرىلىدىغان ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، شىنجاڭدا كېۋەزنىڭ تېرىلىشى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ جۇڭگو بويىچە ئەڭ بۇرۇن كېۋەز تېرىلغان ۋە ئىزچىل تېرىلىپ كېلىۋاتقان رايون بولۇپ، تارىم بويلىرى، يەركەنت دەرياسى بويلىرىدىكى، كۆنچى دەريا بويلىرى، بولۇپمۇ مارالبېشى، ئاۋات، لوپنۇر، تۇرپان قاتارلىق رايونلار كېۋەز ماكانىدۇر. 1959 ـ يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى نىيە ناھىيەسىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتىن ئەر ـ ئايال بىرلىكتە دەپنە قىلىنغان قەبرە ئىچىدىن خەن، جىن دەۋرلىرىگە تەۋە بولغان، ئادەم ۋە ھايۋان نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن تېگى كۆك پاختا رەخت قول ياغلىق ۋە كەشتىلەنگەن ئىشتان قاتارلىق پاختا توقۇلمىلارنى بايقىغان. بۇلار ئېلىمىزدە ھازىرغا قەدەر بايقالغان ئەڭ دەسلەپكى پاختا توقۇلمىلار ھېسابلىنىدۇ. 1906 ـ يىلى ستەيىن چىرا ناھىيەسى دامكو ئەتراپىدىكى خارابىدىن بىر دۆۋە چىگىتنى بايقايدۇ. ئۇ ئۆز ئەسىرىدە بۇ مۇھىم بايقاش «مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە خوتەن رايونىدا كېۋەز تېرىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ» ③ دەپ مەلۇمات بەرگەن. ئۇ يەنە شۇ كىتابىدا كەلپىندىكى بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ كۈزدە لوپنۇرغا كېۋەز تەرگىلى كېلىپ پۇل تېپىپ كېتىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان.

قوغۇن: 11 ـ ئەسىردە «قوغۇن» (1 ـ توم، 533 ـ بەت). «قاپاق» (1 ـ توم، 496 ـ بەت) شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا كۆپرەك تېرىلغاندى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئادەتتىكى قوغۇن ۋە يەنە بىر خىل قوغۇن — خۇش پۇراق، چىپار قوغۇن «خۇپۇنەك» (1 ـ توم، 635 ـ بەت) ھەققىدە خەۋەر بەرگەن. بۇ قوغۇن زامانىمىزدىكى چار باش كۆكچى ياكى بىشەكشى بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلار قوغۇن تېرىغان ۋاقىتتا، ئالدى بىلەن يەرلەرنى سۇغىرىپ، ئوسا تاۋلاشقاندىن كېيىن، يەرنى ئاغدۇرۇپ، ئاندىن چۈنەك تارتىپ (3 ـ توم، 408 ـ بەت)، ئۇرۇق سالاتتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «قوغۇنلۇق يەر» (1 ـ توم، 656 ـ بەت)، «قاپاقلىق يەر» (1 ـ توم، 655 ـ بەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا مەخسۇس قوغۇن، قاپاق تېرىيدىغان يەرلىرى بارلىقى مەلۇم، كىشىلەر قوغۇننىڭ پىشقان ـ پىشمىغانلىقىنى بىلىشتە، خۇددى ھازىرقىدەك ئالدى بىلەن قوغۇنغا چاقماق ئۇرۇپ، تەمىنى تېتىپ بېقىپ ئاندىن يەيدىغانلىقى مەلۇم. شۇڭا مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «قوغۇنغا چاقماق ئۇرماق» (1 ـ توم، 354 ـ بەت) دەپ يېزىپ قالدۇرغان.

**پايدىلىنىش ماتېرىياللار**

① ئابدۇقېييۇم غوجا «چەرچەن ناھىيەسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئېسىل يادىكارلىقلار» شىنجاڭ مەدەنىيىتى، (5 ـ، 6) 1998 ـ يىل 114 ـ بەت.

②، ③ ئىسرائىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىملار يازغان «غەربىي يۇرت يىمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 100 ـ، 104 ـ، 128 ـ بەتلەر.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە فاكولتېتىنىڭ پېنسىيونېرى)



# ئۇيغۇرلاردا تۇپا قۇرۇلمىلىق ئەنئەنىۋى ئۆي مەدەنىيىتى

ئابدۇخېلىل مىرخېلىل

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

مورا بېشى — گۈمگۈرت ۋە سەرەڭگە قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى قويۇش ئۈچۈن ئوچاقنىڭ ئۈستىگە چىقىرىلغان تەكچە. ئۇيغۇرلاردا «تاخ دېسە تاختا بېشىدا، پەش دېسە مورا بېشىدا» دېگەندەك ماقال - تەمسىللەر بار.

ئويۇق — يەنە بىر ئاتىلىشى يوغا بولۇپ، تۈرلۈك لازىمەتلىكلەرنى قويۇش ئۈچۈن ئۆي ئىشىكى بىلەن دېرىزە ئارىلىقىدىكى تامنى ئويۇش ياكى ئۆي تېمىنىڭ مۇۋاپىق يېرىگە يۆلەپ مەلۇم ئېگىزلىكتە تام قوپۇرۇش يولى بىلەن چىقىرىلغان تەكچىدىن ئىبارەت.

مىيانباز — ئۆي تېمىدىن بۇرتۇپ چىقىرىلغان تۈز تەكچىنى كۆرسىتىدۇ.

لىمتاق — ئۆينىڭ تۆت تەرەپتىكى تېمىنىڭ مۇۋاپىق جايى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە مەلۇم كەڭلىك ۋە ئېگىزلىكتە ئويۇلۇپ، ئورۇن - كۆرپە يىغىش ئۈچۈن ياسالغان چوڭراق ئويۇقچىدىن ئىبارەت. ئادەتتە تىزىلغان ئورۇن - كۆرپىلەرنى لىمتاق دەپ قويىدىغان تىل ئادىتى بار.

بوسۇغا — ئۆي ئىشىكىنىڭ كېشىكى ئاستىغا قويۇلغان بىلەك توملۇقىدىكى مۇئەييەن ئۇزۇنلۇقتىكى توغرا ياغاچ ۋە كېسەك، تاش قاتارلىقلاردىن قىلىنغان توسمىدىن ئىبارەت. ئادەتتە ئۆي ئىشىكىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ئەتراپى بوسۇغا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «مەينەت ئۆينىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بوسۇغۇسىدىن پەرىشتە ئاتلىماس» دېگەن ماقال بار.

تورۇس — تورۇس بەزى يەرلەردە شىپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تورۇس ئادەتتە ئۆي ئىچىنىڭ ئۈستى قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

تاشقى قىسمىنى بولسا يان تام، ئالدى تام، ئارقا تام، ئايۋان، كالتە ئايۋان، دەھلىز، ئۆگزە، مورا بېشى، تۈڭلۈك دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىغان.

يان تام — سېلىنغان ئومۇمىي ئۆينىڭ ئىككى چەتتىكى تاملىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئالدى تام — سېلىنغان ئومۇمىي ئۆينىڭ ئالدى، يەنى ئىشىك-دېرىزە ئورنىتىلغان تەرەپتىكى تاملىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئارقا تام — سېلىنغان ئومۇمىي ئۆينىڭ كەينى تەرىپىدىكى تاملارنى كۆرسىتىدۇ.

گەرنىز — سېلىنغان ئومۇمىي ئۆينىڭ ئالدى، ئارقا ۋە يان تاملىرىنى كۆركەملەشتۈرۈش ۋە ئىشىك-دېرىزىلەرنىڭ زىننەتلىك تۈسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن سىلاقچىلار تەرىپىدىن تۈز، تىك ھالەتتە چوپكەز قويۇش ئارقىلىق مۇئەييەن ئۆلچەمدە چىقىرىلىدىغان گورىزونتال ۋە تىك ھالەتتىكى گىرۋەكتىن ئىبارەت.

سەرقەلەم — ئۆي تېمىنىڭ كۆركەم ھەم چىرايلىق كۆرۈنۈشى ئۈچۈن، ئۆينىڭ ئالدى ۋە يان تېمىنىڭ ئۈستى قىسمىغا چىقىرىلغان گىرۋەكتىن ئىبارەت.

ئايۋان — يەنە بىر ئاتىلىشى پېشايۋان بولۇپ، ئاساسەن سېلىنغان ئومۇمىي ئۆينىڭ ئالدى قىسمىغا مۇئەييەن كەڭلىك ئۆلچىمدە تۈۋرۈك، خار، نەلىن، ۋاسا قاتارلىقلار بىلەن تۇرغۇزۇلۇپ، بورا-قومۇش، پاخال، توپا بىلەن ئۈستى يېپىلىپ ياسىلىدىغان، مۇرەككەپ ئىش ھالقىلىرىغا ئىگە ئۆي بۆلىكىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلاردا «رەھىم قىلساڭ ھايۋانغا، چىچىپ قويار ئايۋانغا»، «ئېگىز ئايۋان پەس ئايۋان، مەن ياتمايمەن ئۆزۈڭ يات، يار دېگەن سەندەك بولسا، يار تۇتمايمەن پەندىيات» دېگەن ماقال ۋە قوشاقلار بار.

ئايۋاننىڭ ئاساسلىق ماتېرىياللىرى تۈۋرۈك، پىنتە، خار، نەلىن قاتارلىقلار بولۇپ، يېپىلىش جەريانى ۋە باشقا ماتېرىياللىرى ئۆينىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

تۈۋرۈك — ئايۋان ياساشتا خارنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن تىك ئورنىتىلغان، تالاسى پۇختا، چىدامچانلىقى كۈچلۈك قارىغاي، قارا سۆگەت، سېرىق سۆگەت، توغراق، ئاق تېرەك، تاغ تېرىكى، كىگىز تېرەك قاتارلىق ياغاچلاردىن ماتېرىيال ئېلىنىپ، ياغاچچىلار تەرىپىدىن تۈرلۈك كۆركەم نەقىشلەر ئويۇلۇپ راسلىنىپ، تېگىگە پىنتە، ئۈستىگە نەلىن قويۇلۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئايۋان ماتېرىيالىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلاردا «تۈۋرۈك سۇنسا، جەگە-ۋاسلار يەرگە چۈشەر»، «تۈۋرۈك مايماق بولسا، خار سىڭايان بولار» دېگەن ماقال بار.

پىنتە — ئۆي-ئىمارەت ۋە ئېغىل-قوتانلارنىڭ تۈۋرۈك-دىڭگەكلىرىنىڭ يەرگە تېگىشىپ تۇرغان ئورنىنىڭ بالدۇر سېسىپ كاردىن چىقماسلىقى ۋە تۈۋرۈك دىڭگەكلەرنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدىغان تاش قۇرۇلمىلىق ئىشلىتىش بۇيۇمى بولۇپ، ئاساسەن ئىشلىتىلىش ئورنىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، چوڭ-كىچىك ۋە يۇملاق، چاسا شەكىللەردە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئاق بوز تاش ۋە بېغىررەڭ تاشلاردىن چوقۇش، يونۇش، چېپىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

خار — ئايۋان ئۆگزىسىگە سېلىنغان جەگىلەرنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىككى ئۇچى تام بېشى ياكى تۈۋرۈك نەلىنگە قويۇلۇپ مۇقىملاشتۇرۇلىدىغان، ياغاچچىلار تەرىپىدىن چوڭ چوت ۋە رەندە ئارقىلىق چېپىلىپ، سىلىقلىنىپ مۇئەييەن ئۇزۇنلۇقتا راسلىنىدىغان تۆت قىرلىق لىمدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلاردا «ھويلاڭدىكى تاغ تېرەك، خار بولامدۇ، بولمامدۇ. باغرى قاتتىق تاش يۈرەك يار بولامدۇ، بولمامدۇ» دېگەن قوشاق بار.

نەلىن — تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىدىكى خارنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش رولىغا ئىگە، ياغاچچىلار تەرىپىدىن چوڭ چوت، رەندە ۋە ئويما ھەرە ئارقىلىق چېپىلىپ، سىلىقلىنىپ، تۈرلۈك ئەگمە نەقىشلەر كىرتىش ئارقىلىق چىقىرىلىدىغان مۇئەييەن ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكتىكى ياستۇق شەكىللىك ياغاچتىن ئىبارەت. نەلىن ئاساسەن تالاسى پۇختا، چىدامچانلىقى كۈچلۈك قارىغاي، قارا سۆگەت، سېرىق سۆگەت، توغراق، تاغ تېرىكى، كىگىز تېرەك قاتارلىق ياغاچلاردىن ماتېرىيال ياسىلىدۇ.

كالتە ئايۋان — يەنە بىر ئاتىلىشى كالتە پېشايۋان بولۇپ، ئاساسەن سېلىنغان ئۆينىڭ ئارقا تېمىنىڭ يامغۇر-يېشىننىڭ زەربىسىدىن ھۆل بولۇپ كاردىن چىقماسلىقى ئۈچۈن 40-50 سانتىمېتىر كەڭلىكتە ئۆگزە گەۋدىسى

2015.6

بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھالەتتە، كالتە-كالتە ۋاسلارنى قانۇنىيەتلىك تىزىپ سېلىش ئارقىلىق يېپىلىدۇ. بەزى ھاللاردا كالتە ئايۋاننى ئۆينىڭ ئالدىغىمۇ چىقىرىپ ياسايدىغان ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ، كالتە ئايۋاننىڭ ئۆي تېمىنى زەيدىن ۋە يامغۇر-يېشىننىڭ زەربىسىدىن ساقلاش رولى ناھايىتى چوڭ.

دەھلىز — بىر يۈرۈش سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ سىرتقى ئىشىكى بىلەن باشقا ئۆي ئىشىكلىرى ئارىلىقىدىكى يېرىم كارىدورسىمان بوشلۇق بولۇپ، ياسىلىش تەرتىپى ئۆي بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، شەكىل جەھەتتىن ئايۋانغا ئوخشايدۇ. ئەمما ئايۋاندىن كەڭ بولىدۇ. بەزى ھاللاردا دەھلىزنى چايخانا، قازناق ئۆي ئورنىدىمۇ ئىشلىتىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ.

ئۆگزە — سېلىنغان ئۆينىڭ ئۈستى يۈزى ۋە تۆپە قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ تۈز ئۆگزە، يانتۇ ئۆگزە، چېدىرچە ئۆگزە دېگەن تۈرلىرى بار. دىيارىمىزنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق، ھۆل-يېغىن مىقدارى ئاز بولغاچقا، ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى ئاساسەن تۈز ھالەتتە يېپىلىش بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان. ئۇيغۇرلاردا «يامغۇر تەگمىگەن ئۆگزە يوق، قوزۇق قېقىلمىغان تام»، «ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ ئىتتىن قورقماپتۇ، كۆڭلەكنى سېلىۋېتىپ پىتتىن قورقماپتۇ» دېگەندەك ماقال-تەمسىللەر دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ توپا قۇرۇلمىلىق ئەنئەنىۋى ئۆيلىرىنىڭ بېزىلىشى ۋە تازىلىنىشىمۇ ئۆزگىچە ۋە ئاددىي بولۇپ، بېزەش ئەسۋاب ماتېرىياللىرى ۋە تازىلىق سايمانلىرى ھاك، چوتكا، داس، سىنكا، گىل، كالا تېزىكى لېيى، توزغاق، سۇ مېيى، تۇخۇم سېرىقى، سۇپۇرگە، دەسمال قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ھاك — ھاك تېشىنى مەخسۇس ياسالغان خۇمدانلاردا كۆمۈر ئوتى بىلەن كۆيدۈرۈش يولى ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان ئاقارتىش بۇيۇمى بولۇپ، سۇدا ئېرىپ بوتقا ياكى سۇيۇق ھالەتكە كېلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «ھاكچى ئۇنچىنى كۆرسە كۆزىنى چاپاق بېسىپتۇ» دېگەن ماقال كەڭ ئۇچرايدۇ.

چوتكا — تام يۈزىگە ھاك سۇۋاش ئۈچۈن قوش ئالىقان چوڭلۇقىدىكى تۆت چاسا ياغاچ پېنىدىن تەكشى ئېچىلغان تۆشۈكچىلەرگە ئاتنىڭ يال-قۇيرۇق قىلىنى تەرتىپلىك بېكىتىش ئارقىلىق ياسىلىدىغان، ئۇزۇن دەستە بېكىتىلگەن ئۆي ئاقارتىش سايمىنى بولۇپ، چوتكا بېشى ۋە چوتكا دەستىسىدىن تەركىب تاپىدۇ. چوتكىنىڭ چوڭ چوتكا ۋە كىچىك چوتكا دېگەن تۈرلىرى بار.

داس — ياغاچ ۋە قەلەيدىن دۈگىلەك ياكى سوقا شەكىلدە ياسىلىپ، كىر يۇيۇش ۋە يۇيۇنۇش، شۇنداقلا ئۆي ئاقارتقاندا ھاك، سىنكا ۋە گىل قاتارلىقلارنى ئېرىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئائىلە سايمىنى.

سىنكا — گەزمال، كىيىم-كېچەك قاتارلىقلارنى بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان كۆكۈچ بوياق بولۇپ، ئۆينى ھاكلىغاندا چىلىغان ھاكقا ئازراق سىنكا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلسە ھاك ھاۋا رەڭگە ئايلىنىپ ئۆينى بەك ئاچىدۇ. ئادەتتە ئۆينىڭ گەرنىز، ئۆي تېمىنىڭ تېگى قىسىملىرى، ھويلا تاملىرىنىڭ تېگى قىسىملىرىغا مۇئەييەن كەڭلىكتە تەكشى سۇۋۇلۇپ ئۆي ئىچى ۋە سىرتىنى كۆركەملەشتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، سىنكا ئاساسەن كىچىك قول چوتكىسىدا بېرىلىدۇ.

گىل — بىر خىل بوياق بولۇپ، توق قىزىل ياكى ئاچ قىزىل بولىدۇ. ئادەتتە قىزىل تۆمۈر تاشنى ئېزىش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئۆينىڭ گەرنىز، ئۆي تېمىنىڭ تېگى قىسىملىرى، ھويلا تاملىرىنىڭ تېگى قىسىملىرىغا مۇئەييەن كەڭلىكتە تەكشى سۇۋۇلۇپ ئۆي



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىچى ۋە سىرتىنى كۆركەملەشتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. گۈل ئاساسەن كىچىك قول چوتكىسىدا بېرىلىدۇ.

كالا تېزىكى لېيى ــ بۇ خىل لاي يەر پوستىنىڭ يۈزىدىكى بىر خىل يېپىشقاق توپا (سېغىز توپا) بىلەن كالا تېزىكىنى مۇئەييەن نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ سۇ قوشۇپ سۇيۇقراق يۇغۇرۇپ تەييارلىنىپ، ئۆي، ئايۋان ۋە دەھلىزلەرنىڭ سۇپا، تاپسا، ئوچاق بېشى قاتارلىق ئورۇنلىرىغا قول ئارقىلىق سۇۋۇلىدۇ.

توزغاق ــ يېكەن ۋە قومۇشقا ئوخشاش ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەڭ ئۇچىدىكى پۆپكىدىن ئىبارەت بولۇپ، كالا تېزىكى لېيىغا مۇۋاپىق ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلسە، سىلاق قىلىنغان يەردىن توپا چىقمايدۇ ھەم يېرىلمايدۇ..

سۇ مېيى ــ زىغىر، قىچا، زاغۇن، زاراڭزا، نېمشكا قاتارلىقلاردىن جۇۋاز ئارقىلىق تارتىپ ئېلىنىدىغان ئىستېمال بۇيۇمدۇر. سۇ مېيى كالا تېزىكى لېيىغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ سىلانغان يەر سۇ تۆكۈلسىمۇ دەخلىگە ئۇچرىمايدۇ.

تۇخۇم سېرىقى ــ توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بولۇپ، كالا تېزىكى لېيىغا ئارىلاشتۇرۇلسا لايىنى پارقىراق قىلىدۇ.

سۇپۇرگە ــ سۇپۇرگە ياسالغان ماتېرىيالغا ئاساسەن چىغ سۇپۇرگە، تېۋىلغا سۇپۇرگە، شىۋاق سۇپۇرگە، قىزىل قوناق سۇپۇرگىسى دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ ئۆي سۇپۇرگىسى، ھويلا سۇپۇرگىسى، چەش سۇپۇرگىسى دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. سۇپۇرگە دېھقانچىلىق ئەمگىكى ۋە تۇرمۇشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان تازىلىق قورالى بولۇپ، ئۇنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى مۇئەييەن چوڭلۇقتىكى تۆمۈر ياكى سىمدىن قىلىنغان توڭگىگە (ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىز خام تاسمىدىن تۆڭگە قىلغان دېيىلىدۇ) پاتقۇدەك چىغ ياكى تېۋىلغا تېلىنى چىڭداپ تىقىۋالغاندىن كېيىن، تەتۈر قوزۇق (بۇ ئاچىماق بادرانىڭ بىر ئاچىسى ئازراق قالدۇرۇلۇپ كېسىۋېتىلىپ، كېسىلمىگەن ئاچىسى ئۇچلۇق ئۇچلىنىپ ياسىلىدىغان سۇپۇرگە ياساش جابدۇقى)نى توڭگىغا تىقىۋالغان چىغ ياكى تېۋىلغا تېلىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا توغرىلاپ تىقىپ، تەتۈر قوزۇقنىڭ بېشى تاشقا ئۇرۇلۇپ قاتتىق قېقىلىدۇ. ئاندىن قېقىلىپ چىڭىغان تەتۈر قوزۇق چوت ياكى پالتىنىڭ چۈلدىسى بىلەن ئاستا ئارقىسىغا ئۇرۇلۇپ ياندۇرۇلىدۇ. تەتۈر قوزۇقنىڭ يېنىشىدىن ھاسىل بولغان بوشلۇقنى قوغلاپ، ئالدىن تەييارلانغان چىغ ياكى تېۋىلغا تېلى توڭگىغا ئاۋۋال كىرگۈزۈلگەن چىغ ياكى تېۋىلغا تېلى ئارىسىغا تىقىپ كىرگۈزۈلىدۇ. مۇشۇ تەرىقىدە بىر قانچە قېتىم قېقىش، كىرگۈزۈش تاماملانغاندىن كېيىن، ئالدىن ئۇلاپ تەييارلانغان دەستە خۇددى تەتۈر قوزۇق قېقىلغاندەك قېقىلىپ ساپلىنىدۇ. سۇپۇرگە بۇ ھالەتكە كەلگەندىن كېيىن چىغ بولسا، ئوتقا تۇتۇلۇپ، چىغنىڭ ساقاللىرى كۆيدۈرۈلىدۇ. ئاندىن توڭگا تۆۋىنىدىن مۇئەييەن ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ، شوينا يىپ بىلەن چىغ ياكى تېۋىلغا تېلى ئايلاندۇرۇلۇپ چىگىلىدۇ. بۇنداق قىلىش سۇپۇرگە چىغى ياكى تېۋىلغا تېلىنىڭ ئاسان سۇنۇپ كاردىن چىقماسلىقى ئۈچۈندۇر. ئۆي تازىلىقى ئۈچۈن چىغ سۇپۇرگە بىلەن قىزىل قوناق، شىۋاق سۇپۇرگىلىرى ئىشلىتىلىدۇ. چىغ سۇپۇرگە تام-تورۇسلاردىكى تور ۋە چاڭ-توزانلارنى تازىلاش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ.

دەسمال ــ تۆشۈك ئىشلىرىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىنىدىغان جابدۇقلارنىڭ بىرى بولۇپ، كەڭلىك ۋە ئۇزۇنلۇقى 30-40 سانتىمېتىر كېلىدىغان سۇ سۈمۈرۈشچانلىقى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان پاختا رەختلەردىن تەييارلىنىدۇ. دەسمال تۆشۈك ئىشلىرىمىزدا ئەڭ كۆپ ئىشلىنىدىغان ھەممباب جابدۇق بولۇپ، قازان-قومۇچ، چىنە-قوشۇق، دۆشە-قىڭراق، ئاشتاختا-نوغۇچ، تەڭنە-نانتاختا، كەپكۈر-پىلتىدان، جىمبىل-قاسقان، سېكىلەك-پوزا، قىرغۇچ-قىيقچا قاتارلىق تۆشۈك جابدۇقلىرىنى سۈرتۈش ۋە كۆڭۈلدىكىدەك پاكىز يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئىشلىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، قايناق سۇدا پاكىز يۇيۇلۇپ ۋە قۇرۇتۇلۇپ، پاكىز ئورۇندا ساقلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا دەسمالدا قول سۈرتۈش قەتئىي چەكلىنىدۇ، شۇنداقلا ئوغۇل باللارنىڭ ئېغىزىنى ئېتىشمۇ چەكلىنىدۇ. ئوغۇل باللارنىڭ ئېغىزىنى دەسمالدا ئېتىسا، چوڭ بولغاندا ساقال چىقمايدىغان كۇسا بولۇپ قالىدۇ دەپ قارىلىدۇ. تازىلىق دەسمىلى تۆشۈك دەسمىلىدىن كەڭ ھەم قېلىن رەختلەردىن تەييارلىنىپ، ئۆينىڭ جەگە، ۋاسا-بورا، ئىشىك-دېرىزىنىڭ كېشەك-راملىرى ۋە ئەينەكلىرىنى سۈرتۈپ تازىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار قەرەللىك تۈردە ئۆينىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرى ۋە ھويلا-ئارانلارنى ئومۇميۈزلۈك تازىلاش



ئېلىپ باردۇ. بۇ تازىلىق ئىشنى ئۇيغۇرلار «ئۆي قېقىش» دەپ ئاتايدۇ. ئۆي قېقىش ئادەتتە كىگىز - كىچەك، ئورۇن - كۆرپىلەرنىڭ كىرلىكىنى، قاچا - قۇچا، پەردە - گەرنىز، زەدىۋال ۋە تۈرلۈك ياپقۇچلارنى قېقىپ تازىلاش، سۈرتۈش، يۇيۇش، ئۆينىڭ ئىچى - تېشىنى ھاكلاش، دەھلىز - ئايۋانلارنىڭ سۇپا - تاپسىلىرى ۋە ئوچاق باشلىرىنى كالا تېزىكى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلانغان لاي بىلەن سىلاپ چىققاندىن كېيىن، ئۆي بېساتلىرىنى قايتا سەرەمجانلاشتۇرۇش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆي قېقىش ئادەتتە ئاياللار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆي قېقىشتىن ئىبارەت بۇ ئىشنى تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن بەجا كەلتۈرىدۇ ئازراقمۇ چالا-چۇلقا يول قويمايدۇ. ئۆي قېقىلىپ رەتلىنىپ بولغۇچە تىنىمسىز تىپىرلىسىمۇ مىننەت قىلمايدۇ، ھارسىنمايدۇ. ئۆي قېقىشنىڭ ھەر بىر ھالقىلىرىغىچە ئىشنى توختاتماي سىجىل ئېلىپ بارىدۇ. بۇ جەرياندا ئەرلىرىنىڭ ياردىمىنىمۇ كۈتمەيدۇ. يېتىشەلمىگەن يېرىگە قوشنا ئاياللارنى ياردەمگە چاقىرىدۇ. بۇنى ئۇيغۇر ئائىلىرىمىزنىڭ ئەرلىرىنى چاكۇل - چۇكۇل ئىشلارغا سالمايدىغان، ئەرلىرىنى چوڭ ئىشلارنىڭ تەۋرەتكۈچىسى دەپ بىلىدىغان ھەمدە ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئائىلىدىكى مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىشنىڭ تۈپكى ئاساسى دەپ بىلىدىغان خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ توپا قۇرۇلمىلىق ئەنئەنىۋى ئۆيلىرىنىڭ ھويلا - ئاران قۇرۇلۇشىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن گۈزەللىكنى سۆيۈپ ۋە يارىتىپ كەلگەن مىللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر قەدىمىدىن، تىنىقىغىچە مەدەنىيەتنىڭ گۈزەل ئەندىزىلىرى تېمىپ تۇرىدۇ. بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ توپا قۇرۇلمىلىق ئەنئەنىۋى ئۆيلىرىنىڭ ھويلا - ئارانلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇش ئىشلىرىدىمۇ كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار ئولتۇراق ئۆيىنى ياساپ پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىگە تەۋە بولغان دائىرىنى تەكشى تۈزلەپ، دەرۋازىلىق ئورۇن تاشلىغان ئاساستا ئايلاندۇرۇپ قورۇق تام سوقىدۇ، ھويلا قىلىدۇ، مۇۋاپىق يەرنى تاللاپ خالا ياسايدۇ. قېرىم ئېلىپ ئۈزۈم ئۆستۈرىدۇ، باراڭ قىلىدۇ، كۆكتاتلىق، باغلىق ئورۇن راسلايدۇ. قورۇ - قوتان، سامانخانا، ئوتۇنخانا سالىدۇ. يۇندى - ئەخلەت ئەۋرىزى كولايدۇ. تۈرلۈك گۈللەرنى ئۆستۈرىدۇ. ئايۋان، دەھلىز ۋە چايخانا ئالدىلىرىغا تەمە توقۇپ، گۈللەرنى ياماشتۇرۇپ ئۆستۈرىدۇ.

تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ توپا ۋە ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئەنئەنىۋى ئۆيلىرىنىڭ ھويلا - ئاران قۇرۇلۇشى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قورۇق تام — ئۆي سېلىنغان، دەل - دەرەخ تىكىلگەن، باغباراڭ قىلىنغان، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلغان دائىرىنى قورشاپ سىرتتىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن توپا ياكى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان نىسبەتەن پاكار تامدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلار قورۇق تام پۈتكەندىن كېيىن، تام ئۈستىگە ئايلاندۇرۇپ تىكەنلىك توسۇق قويىدۇ. يەرلىك خەلقلەر بۇنى ساخال دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇرلاردا «گەپ ماقۇلدىن ئاشماس، تام ساخالدىن» دېگەن ماقال بار.

ھويلا — يەنە بىر ئاتىلىشى سەينا بولۇپ، سېلىنغان ئۆينىڭ تېمىغا تۇتاشتۇرۇلۇپ مۇئەييەن كەڭلىك ۋە ئۇزۇنلۇقتا تۈزلىنىپ راسلانغان بوشلۇقتىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلاردا «ھويلىسى بار، دەرۋازىسى يوق، خامنى بار ئەنجۈسى يوق»، «ھويلامنىڭ تېمى يوق، دەرۋازام قۇلۇپلاقلىق»،

«ھۆرۈنغا ھويلىدىكى سۇ يىراق» دېگەندەك ماقال-تەمسىللەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

دەرۋازا — ھويلا، قورغان، قەلئە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇنلارغا سىرتتىن كىرىپ-چىقىش ئۈچۈن ئورنىتىلغان چوڭ ئىشىكتىن ئىبارەت. ئەنئەنىۋى توپا قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ دەرۋازىلىرى ئادەتتە بەكمۇ ھەشەمەتلىك بولمايدۇ. يېقىنقى يىللارغىچە خەلقىمىز دەرۋازا ئورنىدا غورۇ ۋە قاشا دەپ ئاتىلىدىغان ئاددىي قۇرۇلمىلىق توساقلاردىن پايدىلىنىپ كەلگەن.

غورۇ — قوتان ۋە ھويلا-ئارانلارغا ئىشىك ياكى تام ئورنىدا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تۈز ياغاچلارنى بىر-بىرىگە پاراللېل قىلىپ ياسالغان توسمىدىن ئىبارەت بولۇپ، توسۇلىدىغان دائىرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۈچ يېرىدىن چوڭ چىشى تۇرۇم ئېچىلغان ئىككى تال تومراق ياغاچ مۇقىم ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۈچ يېرىدىن چىشى تۇرۇم ئېچىلىپ مۇقىملاشتۇرۇلغان بۇ ئىككى تال تومراق ياغاچ «لاڭقا» دەپ ئاتىلىدۇ. غورۇ ياغىچى ئادەتتە «لاڭقا»غا پانا قىلىش ئارقىلىق مۇستەھكەم بېكىتىلىدۇ.

قاشا — بىرەر دائىرىنى ياكى ھويلا-ئاران، قورۇ-قوتانلارغا كىرىپ چىقىش ئۈچۈن قويۇلغان ئورۇننى توسۇش رولىغا ئىگە بولغان ئاددىي دەرۋازىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسەن ياغاچتىن راسلانغان يانلىققا ماسلاشقان بالداقلار مۇقىم بېكىتىلىپ چاسا شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ، دەرەخ تاللىرى بىلەن ھىم توقۇلۇپ تەييارلىنىدۇ. قاشانىڭ بىر تەرىپى لاڭقاغا گىرە ياكى خام تاسقا ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلۇپ بېكىتىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «قاشا مەھكەم بولسا، تۈلكە كىرەلمەس» دېگەن ماقال بار.

ئەگۈن — ئۈستى ئەگمىلىك ۋادەك شەكىلدە ياسالغان ياغاچ دەرۋازىدىن ئىبارەت.

قوتان — يەنى بىر ئاتىلىشى مالخانا بولۇپ، ئېغىل دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاساسەن قوي، كالا، ئات، ئېشەك، تۆگە، ئۆچكە قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى سولىنىپ بېقىلىدىغان چوڭ ئېغىلدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلاردا «رودۇپاي ئەمەل تۇتسا، ئېغىلغا زەدىۋال تارتار»، «توخۇنى كاتەكتە ساقلا، مالنى قوتاندا ساقلا»، «قىرىق قوتان مېلى بولسىمۇ، ياخشى خوتۇن بولمىسا بىكار»، «قوينى قوتاندا سات، ئاشنى باداڭدا»، «قوتۇنى يوق مال ئەتمە، قاشاسى يوق باغ ئەتمە»، «قوتان كىمنىڭ — قىغ شۇنىڭ»، «قوتانغا بېقىپ قوي سولا»، «قوتاندىن قاڭقىغان قوي بۆرىگە ئۇچرار»، «قوتاندا ئوغلاق تۇغۇلسا، ئېتىزدا ئوت ئۈنىدۇ»، «قوتانغا بۆرە كىرسە، ئىتنىڭ تەرىتى قىستاپتۇ» دېگەن ماقال بار.

ئوتۇنخانا — مەخسۇس ئوتۇن-ياغاچ، كۆمۈر، مەدەك قويۇش ئۈچۈن ئۈچ تەرىپى ئېتىك، بىر تەرىپى ئوچۇق ھالەتتە مۇئەييەن كۆلەمدە ياسىلىدىغان ئۆيدىن ئىبارەت.

سامانخانا — مەخسۇس سامان ساقلاش ئۈچۈن كىرىپ-چىقىش ئېغىزى ۋە سىرتىدىن سامان تاشلاش تۆشۈكچىسى ئېچىلىپ ياسىلىدىغان ئۆيدىن ئىبارەت.

شوتا — ئىككى تال مۇئەييەن ئۆلچەمدىكى ئۇزۇن ياغاچقا بالداقلارنى مەلۇم نىسبەتتە ئارىلىق قالدۇرۇپ بېكىتىش ئارقىلىق ياسالغان، تۆۋەندىن يۇقىرىغا چىقىش، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئائىلە جابدۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىككى يېنىدىكى ئىككى تال ياغاچ، شوتا يانلىقى، ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ بېكىتىلگەن بالداقلىرى ۋاخنا دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «قوشناڭ شوتىنىڭ يانلىقى بولسا، سەن شوتىنىڭ ۋاخنىسى بول»، «شوتىغا چىقسا يىقىلار، ئۆگزىگە چىقسا سېپىلار»، «ئاتاڭ شوتا بولسا، ئاناڭ شوتا بالدىقى» دېگەن ماقال بار.

خالا — يەنە بىر ئاتىلىشى ئوبۇرنى، ھاجەتخانا بولۇپ، ھاجەت قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس بەلگىلەنگەن جاي يەنى ئۆيدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلار خالانى بەلگىلەنگەن ئورۇننى مۇئەييەن كەڭلىكتە چوڭقۇر كولاپ، ئۈستىنى قاۋۇل ياغاچ ۋە شاخ-شۇمبىلار بىلەن يېپىپ توپىلاپ لاي سېلىپ، سىرتىنى ئۆي ھالىتىدە ياساپ، سۇۋاپ، ئاقارتىپ پاكىز تۇتىدۇ، ئاساسەن نىجاسەتنى كۆرمەسلىككە تىرىشىدۇ. ئۇچرىغان نىجاسەتنى ئېلىۋېتىش ۋە كۆمۈۋېتىشنى ساۋابلىق ئىش قاتارىدا كۆرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «خالادا ئەيىب بولمىغان ئىش، خاماندا ئەيىب بولار» دېگەن ماقال ئۇچرايدۇ.

قىرىم — ئۈزۈم تېلىنى كۆچۈرۈش ئۈچۈن مۇۋاپىق چوڭقۇرلۇقتا قېزىلغان مۇئەييەن ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىقچىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلاردا «زىرائەت تېرىمدا ياخشى،

ئۈزۈم قېرىمدا ياخشى» دېگەن ماقال بار.

باراڭ — باراڭنىڭ چەللە، قالىق، بىدىش دەيدىغان تۈرلىرى بولۇپ، ئاساسەن ئۈزۈم تاللىرى، كاۋا — قاپاق پېلەكلىرىنى ياماشتۇرۇش ئۈچۈن ياغاچ بادىرلىرىدىن تۈۋرۈك بېكىتىلىپ، خار، ۋاڭكۇ ۋاسا ۋە ئۇششاق، تۈز ۋاسلارنىڭ تەرتىپلىك تىزىلىشىدىن ياسىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «قاپاق پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل»، «ئۈزۈم بېدىشتە ياخشى، ئەبجەش ماي ئىدىشتە ياخشى»، «ئۈزۈم قىلساڭ باراڭغا ئال، توي قىلساڭ مەسلىھەت سال»، «تېكىنى سورىماي، ئۈزۈمنى يە»، «كاۋا باراڭغا ياراشقان بىلەن، دەرەخكە ياراشماس»، «كاۋىسى بولمىسىمۇ، بارىڭى بولسۇن»، «سېمىزلىك ھايۋانغا يارىشار، كاۋا — قاپاق باراڭغا يارىشار»، «ئۈزۈمنىڭ تاتلىقى بىدىشنىڭ ئېگىز يېرىدە بولار»، «ئاخشام چىققان شاماللار، ئۆرۈۋەتتى باراڭنى، باغلاپ قويسا تۇرمايدۇ، كۆڭۈل دېگەن ساراڭنى» ماقال ۋە قوشاقلار دائىم ئېيتىلىدۇ.

تەمە — خىللانغان قومۇش ياكى دەرەخ تاللىرىنى بىر-بىرىگە قانۇنىيەتلىك باغلاش ئارقىلىق چاسا ياكى ئېلىپس شەكلىدە توقۇلىدىغان ئۆرە چەللىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلاردا «گۈل تېرىدىم باھاردا، ياماشتۇرۇپ تەمگە، ھەيران قالسۇن خالايىق، سەن يارىمنىڭ پەمگە» دېگەن قوشاق ئومۇملاشقان.

كۆكتاتلىق — كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىستېمال قىلىنىدىغان ئوتياش تېرىلىپ ئۆستۈرۈلىدىغان، مال ئوغۇتى بىلەن تويۇندۇرۇلغان تاختا-تاختا يەردىن ئىبارەت.

باغلىق — مېۋە-چېۋە دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ئورۇن بولۇپ، ئۇيغۇرلار باغلىق ئورۇندىن باشقا ھويلىنىڭ مۇۋاپىق دەپ قارىغان ئورۇنلىرىدىن، قورۇق ئەتراپىغا تۈرلۈك دەرەخلەرنىمۇ تىكىپ ئۆستۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا دەرۋازا ئالدىغا ئۈجمە دەرىخى تىكىشنى ئۆزىگە خاس بىر خىل ئادەتكە ئايلاندۇرغان بولۇپ، بۇ خىل خاس ئادەت ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش ۋە دەل-دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ئېڭى بىلەن باغلىنىپ كەتكەن. ئۇيغۇرلاردا «ئاتاڭنىڭ باغ ھويلىسى بىلەن قالغۇچە، ئاناڭنىڭ پىلتا سېۋەتى بىلەن قال» دېگەن ماقال ئۇچرايدۇ.

گۈللۈك — ئۇيغۇرلار تەشتەكلەردە گۈل ئۆستۈرۈشتىن باشقا ھويلىغا مەخسۇس گۈل ئۆستۈرۈش ئۈچۈن گۈللۈك ياساپ، تۈرلۈك گۈللەرنى ئۆستۈرىدۇ.

يۇندى ۋە ئەخلەت ئەۋرىزى — يۇندى، كۈل ۋە ئەخلەت قاتارلىق كېرەكسىز چىرىندىلەرنى تۆكۈش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ئۈستى يېپىلغان ئورا بولۇپ، بەزى جايلاردا يۇيۇنۇش ئۈچۈن ئۆي ئىچىنىڭ مۇۋاپىق يېرىگىمۇ ياسىلىدۇ.

دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ توپا قورۇلمىلىق ئەنئەنىۋى ئۆيلىرىنى ياساش يەنە بىر قاتار يوسۇنلاشقان ئادەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەنلىكىنى بايقايمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ توپا قورۇلمىلىق ئەنئەنىۋى ئۆيلىرىنى ياساشتا مەسلىھەتكە چاقىرىش ئادىتى، ئۆيگە ئۇل قويۇش ئادىتى، جەگگە رەخت باغلاش ئادىتى، ئۆزلۈكىدىن ياردەم بېرىش ئادىتى، كوللېكتىپ توپلاش ئادىتى، قوشنىلارنىڭ تاماققا چاقىرىش ئادىتى ۋە يېڭى ئۆينى مۇبارەكلەش ئادىتى قاتارلىق ئېسىل ئادەتلەر بار.

مەسلىھەتكە چاقىرىش ئادىتى — ئۇيغۇرلاردا «توي قىلساڭ ئاي كېڭەش، ئۆي سالساڭ يىل كېڭەش» دەيدىغان ھېكمەت بار. شۇڭا ھەر بىر ئۇيغۇر زاتى ئۆي سېلىشتىن بۇرۇن ئاتا-ئانىسى ۋە قولىدىن ئىش كېلىدىغان پەملىك يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى مەسلىھەتكە چاقىرىپ ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى ۋە ياخشى تىلەكلىرىنى ئالىدۇ.

ئۆيگە ئۇل قويۇش ئادىتى — بىزدە «تام ئۇلىدىن قېرىيدۇ، بۇقا بۇرنىدىن قېرىيدۇ» دېگەن ماقال بار. شۇڭا ئۆي تېمىنىڭ ئۇلىنى پۇختا سېلىش ئۆي ياساشتىن ئىلگىرىكى مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇل قويۇشقا تەجرىبىلىك، ناشايان ئىشلاردىن خالىي، يۇرت مۆتىۋەرلىرى تەكلىپ قىلىنىدۇ ھەم مۇۋاپىق رازى قىلىنىدۇ.

جەگگە رەخت باغلاش ئادىتى — بۇ ئۆي تېمىغا جەگگە چىقىرىلىدىغان كۈنى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئادەت بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر بۇنى «ياغاچ چىقىرىش» دەپ ئاتايدۇ. بۇ كۈنى ئۆي سالغۇچىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، يېقىن-يورۇقلىرى خالىغان تاماق ۋە ئۇسسۇزلۇقلارنى تەييارلاپ ئېلىپ كېلىدۇ. ئۆي ئىگىسىمۇ شارائىتىغا يارىشا قازان قايىنىتىپ ئىشلەمچىلەر ۋە كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. تاماقتىن كېيىن ياكى بۇرۇن كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئەرلىرى ھەمكارلىشىپ جەگلەرنى قوپۇرۇلغان تام ئۈستىگە چىقىرىدۇ، تام ئۈستىگە چىقىرىلغان ئوتتۇرا

جەگىنىڭ بېلىگە رەخت باغلىنىدۇ. بۇ رەختنى ئۇستا ئالىدۇ، قوشۇمچە ئىشلەمچىلەرگە بىردىن لۆڭگە ياكى قول ياغلىق بېرىلىدۇ.

ئۆزلۈكىدىن ياردەم بېرىش ئادىتى — بۇ ئادەت ئۆي سالغۇچىنىڭ چاقىرىشىدىن مۇستەسنا ھالدا يېقىن - يورۇقلارنىڭ خالىس ياردەم بېرىشىنى كۆرسىتىدۇ. ياردەم بېرىشنىڭ خالىس ياردەم ۋە ئاسارلىق ياردەم، ئۆتنىگە لاپقۇت دېگەن تۈرلىرى بولۇپ، ھەممىسىدە خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئۇيۇشچانلىقىمىزنىڭ يارقىن سەمەرىسى چاقناپ تۇرىدۇ.

خالىس ياردەم — ئۆي سالغۇچىنىڭ چاقىرىشىدىن مۇستەسنا ھالدا يېقىن - يورۇقلارنىڭ خالىس ياردەم بېرىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاسارلىق ياردەم — ئۆي سالغۇچىنىڭ پىلانلىق تۈردە چاقىرىشى بىلەن قىلىنىدىغان ياردەم تۈرى بولۇپ، بۇ كۈنى ئۆي سالغۇچى جانلىق مالدىن بىرىنى ئۆلتۈرۈپ، مەخسۇس قازان ئېسىپ تەييارلىق قىلىدۇ.

ئۆتنىگە لاپقۇت — بۇ ياردەم تۈرى ئۆزئارا ئەمگەك كۈچى ياردەم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلاردا «ئۆتنىگە لاپقۇت، ئۆتۈككە ئاپقۇت» دېگەن ماقال بار.

كوللېكتىپ توپىلاش ئادىتى — ئۇيغۇرلارنىڭ توپا قۇرۇلمىلىق ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىرىلىدىغان توپا قەۋەتى نىسبەتەن قېلىن بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئاز ئەمگەك كۈچى بىلەن زور مىقداردىكى توپىنى ئۆگزىگە چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆي توپىلاش سىجىل سىزونلۇق ئىش بولۇپ، شۇ كۈنى چوقۇم تاماملىنىشى شەرت، شۇڭا ئۆي توپىلاش بىر خىل كوللېكتىپ ئەمگەك قىلىش ئىش تەرتىپىنى شەكىللەندۈرگەن.

قوشنىلارنىڭ خالىس تاماقا چاقىرىش ئادىتى — قوشنىلارنىڭ ئۆي سالغۇچىلارنى ئائىلە بويىچە خالىس تاماقا چاقىرىش ئادىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۇيۇشچانلىق ۋە باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ئېسىل خاراكتېرىنى نامايان قىلىدىغان ئادەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، قوشنىدارچىلىق ئادەتلىرىمىزنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا قوشنىدارچىلىق مۇكەممەل بىر ئىلىم سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنىدىغان مۇھىم مەنىۋى بايلىقتۇر.

يېڭى ئۆينى مۇبارەكلەش ئادىتى — يېڭى ئۆي سېلىنىپ پۈتكەندىن كېيىن، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يېقىن - يورۇقلار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، ئەھۋالىغا قاراپ ئۆيگە كىرەكلىك كىگىز - كېچەك، ئورۇن - كۆرپە، ئەديال - پالاس، تەكيي - ياستۇق، چىنە - قاچا قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئۆي سالغۇچىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ چوڭ - كىچىكى، قىممەت - ئەرزىنى سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ، ھەتتا پىچاق، دۇشە، سەي - كۆكتات، مېۋە - چېۋە، ئوتۇن - ياغاچ بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

يۇقىرىدا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ توپا قۇرۇلمىلىق ئەنئەنىۋى ئۆيلىرىنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيال تەركىبلىرى، ياسىلىش قەدەم - باسقۇچلىرى، ھەرقايسى قەدەم - باسقۇچلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قورال - سايمان، جابدۇق ۋە ئەسۋابلارنى، توپا قۇرۇلمىلىق ئەنئەنىۋى ئۆيلەرنىڭ ئىچكى - تاشقى قىسىملىرىنىڭ خاس ئاتالمىلىرى، بېزىلىشى، تازىلىنىشى ۋە ھويلا - ئاران قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆزگىچىلىكلەرنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلارنىڭ توپا قۇرۇلمىلىق ئەنئەنىۋى ئۆيلىرىنى ياساشتا يەنە بىر قاتار يوسۇنلاشقان ئادەتلىرىمۇ ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، مىللىتىمىز ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا نۇرغۇنلىغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تىپلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئەقىل - پاراسەتلىك ۋە ئەمگەكچان خەلق بولۇپ، ئۆزلىرى ياشىغان ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىپ، تۈرلۈك ساھەلەردە مول نەتىجىلەرگە قول يەتكۈزگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ توپا قۇرۇلمىلىق ئەنئەنىۋى ئۆي ياساش مەدەنىيىتىمۇ ئۇلار ياراتقان ئەنە شۇ سەمەرىلىك مەدەنىيەتلەرنىڭ يەنە بىر سەمەرىلىك ئىزناسى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن تۇرمۇشىمىزدىن يىراقلىشىش گىردابىغا باردى، شۇنداقتىمۇ ئەجدادلىرىمىز ياراتقان مەدەنىيەت تىپلىرىنى ئەينى ساقلاپ قېلىش ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئەينەن يەتكۈزۈش تولىمۇ زۆرۈر دەپ قارىدىم.

(ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە دۆڭمەھەللە يېزا مويۇنگوزەر كەنت مەكتەپتە)

# ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىدىكى مۇتىفلار ھەققىدە

رىزۋانگۈل قاھار



«فەرھاد ـ شىرىن» ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا رىۋايەت ۋە چۆچەك شەكلىدە كەڭ تارقالغان «خىسراۋ ۋە شىرىن»نىڭ ۋەقەلىكىنى مەنبە قىلىش ئارقىلىق ئىجاد قىلىنغان مۇھەببەت داستانىدۇر. «فەرھاد ـ شىرىن»نىڭ رىۋايىتىنى يازما ئەدەبىياتقا تۇنجى ئېلىپ كىرگەن كىشى 10 ـ ئەسىردە ياشىغان ئىران شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (934 — 1020) بولۇپ، ئۇ داستاننىڭ ئىسمىنى «خىسراۋ پەرۋىز ۋە شىرىن» دەپ قويغان. ئۇنىڭدىن ئىككى ئەسىر كېيىن، يەنى 12 ـ ئەسىردە ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى (1141 — 1209) «خىسراۋ ۋە شىرىن» ناملىق داستاننى يازغان. نىزامىدىن ئىككى ئەسىر كېيىن، يەنى 14 ـ ئەسىردە ھىندى شائىرى ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى (1253 — 1325) «شىرىن ۋە خىسراۋ» ناملىق داستاننى يازغان. داستان ۋەقەلىكىنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش جەريانلىرى نىزامى داستانى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت داستان ماۋزۇسىدىكى ئىككى پېرسوناژ ئىسمىنىڭ ئورنىلا ئالماشقانىدى. 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئەلىشىر نەۋائىي (1441 — 1501) «خىسراۋ ۋە شىرىن» دېگەن ماۋزۇدا ئەمەس. «فەرھاد ـ شىرىن» دېگەن ماۋزۇدا 1448 ـ يىلى ئىجادىي يېزىپ چىققان.

نەۋائىي داستانىدىكى بەدىئىي ئوبرازلار ۋە ۋەقەلىكنى يارىتىشتا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى رىۋايەت، داستان ۋە چۆچەكلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان مۇتىفلاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىش ۋە داستاندىكى ئوبرازلارنىڭ مىللىيلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان.

مۇتىف — خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە سۇژىتقا نىسبەتەن ئېيتىلغان سۆز بولۇپ، ئۇ «ئەڭ كىچىك سۇژىت بىرلىكى» ياكى «ئەڭ كىچىك ھېكايە ئېلېمېنتى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. خەلق ئەدەبىياتى ساھەسىدە «مۇتىف» ئاتالغۇسى ئاساسەن خەلق بايانى ئەسەرلىرى (ئەپسانە، رىۋايەت، ئېپوس، چۆچەك، داستان قاتارلىقلار)نىڭ ۋەقەلىك تەرتىپىدىكى ئەڭ كىچىك سۇژىت بىرلىكى ياكى ئېلېمېنتىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا مۇتىفنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ پارچىلىغىلى ياكى بۆلگىلى بولمايدۇ. مۇتىفلار مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىقتىدارىغا ۋە كۈچلۈك تارىخىي ۋارىسچانلىققا ئىگە. مۇتىفلارنىڭ سانى ئەسلىدە ناھايىتى چەكلىك بولسىمۇ، لېكىن ئاغزاكى ئىجادىيەتنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئوخشاشمىغان ھالەتتە ئۆزئارا بىرىكىپ، سانسىزلىغان ھېكايە سۇژىتلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ①. ئۇيغۇر خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان مۇتىفلاردىن بالا تىلەش مۇتىفى، ئانىنىڭ غايىبتىن ھامىلدار بولۇش مۇتىفى، قەھرىماننىڭ غەيرىي تەبىئىي تۇغۇلۇش مۇتىفى، بېشارەت مۇتىفى، سىناق مۇتىفى، كەنجى ئوغۇل مۇتىفى، موي كۆيدۈرۈش مۇتىفى، سۈيىقەست مۇتىفى، يالماۋۇز مۇتىفى، خاسىيەتلىك سان مۇتىفى قاتارلىقلار بار. «فەرھاد-شېرىن» داستانىدا ئىشلىتىلگەن مۇتىفلارنى ئانالىز قىلساق تۆۋەندىكىلەرنى ئۇچرىتىمىز.

### 1. بالا تىلەش مۇتىفى

بالا تىلەش مۇتىفى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا كۆپ ئۇچرايدىغان مۇتىفلارنىڭ بىرى. ئۇ ئادەتتىكى بىر سۈژەت بۆلىكى بولۇپلا قالماي، ئۇ خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە دۇنيا قاراشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مۇئەييەن مەدەنىيەت قاتلىمىغا ئىگە. يەنى ئىنسانلار پەرزەنتنى تەڭرى ئاتا قىلىدۇ دەپ قارىغاچقا، تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ، ھەر خىل مۇراسىملارنى ئۆتكۈزگەن. مۇراسىملارنى ئاساسەن ئۇلۇغلارنىڭ مازىرىغا تاۋاپ قىلىش، دەرەخلەرگە ھەر خىل رەختلەرنى چىگىپ قويۇش، ئۇلۇغ دەپ قارىغان تاغقا بېرىپ، دۇئا-تەكبىر ئوقۇش بىلەن بىللە، شۇ تاغنىڭ تۆشۈكىگە قولنى تىقىپ قولغا نېمە چىقسا شۇ نەرسىنى يېيىش ئارقىلىق پەرزەنت تىلىگەن. بۇ خىل كۆز قاراشلار ئۇرپ-ئادەتلىرىمىزدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى «چۆچۈرە بالا»، «لەئەلشاھ بىلەن ئېپارگۈل»، «قىلىچ ئۆمەر» قاتارلىقلاردا بالا تىلەش مۇتىفى ئۇچرايدۇ. بالا تىلەش مۇتىفى داستاندا مۇنداق بايان قىلىنغان: چىن خاقاننىڭ ھەددى-ھېسابسىز مال-دۇنياسى بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغۇدەك بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىدى.

بۇ ئېيردى مۇتتەسىل گۇفتۇ شۇنىدى،
خۇدايىدىن ئوغۇل ئېيردى ئۇمىدى. (105-بەت)

يەشمىسى: خان (توختىماي تەڭرىدىن بىر ئوغۇل پەرزەنت بېرىشنى تىلەيتتى.)

بۇ مەقسۇدى ئۇچۇن ساچىب دىرەملەر،
قىلىب كۆب نەزرلەر، ئايلەپ كەرەملەر. (105-بەت)

(يەشمىسى: بۇ مەقستى ئۈچۈن ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى چېچىپ، ئاجىزلارغا خەير-ئېھسان قىلاتتى).

ئوغۇلسىزلارنى ھەم ئەيلەب نەۋالىق،
ئاتاسىزلارغە ھەم ئەيلەب ئاتالىق. (105-بەت)

(يەشمىسى: ئوغۇلسىزلارغا يار-يۆلەك بولۇپ، ئاتاسىزلارغا ئاتىدارچىلىق قىلاتتى.)

### 2. بوۋاقنىڭ غەيرىي تەبىئىي تۇغۇلۇش مۇتىفى

ئىنسانلار تەبىئەتنى ئۆزىدىن كۈچلۈك دەپ قاراپ ئۇنىڭدىن قورققان، مەدەت تىلىگەن، چوقۇنغان، مەلۇم نەرسىنىڭ ئۆزلىرىنى قوغدىشىنى ۋە تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلغان. بۇ ئۈمىدلەر توتېمغا چوقۇنۇش، ئەجدادقا چوقۇنۇش، قەھرىمانغا چوقۇنۇش ئېڭىدا ئىپادىلەنگەن. ئىنسانلارنىڭ قارىشىدا قەھرىمانلارنىڭ تۇغۇلۇشى ئادەتتىكىدەك تەسۋىرگە ئىگە بولسا، قەھرىماننىڭ كېيىنكى ھاياتىدىكى ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى ئىشەنچلىك بولمايدۇ. شۇڭا قەھرىماننىڭ تۇغۇلۇشى ئادەتتىكى بالىلارنىڭ تۇغۇلۇش ئالاھىدىلىكىگە ئوخشىمايدۇ. قەھرىمان تەبىئەتتىن ھالقىغان بىر خىل ئىلاھىي كۈچنىڭ تەسىرىدە دۇنياغا ئاپىرىدە بولىدۇ ھەم بۇ بالا ئاجايىپ كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ غەيرىي ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. غەيرىي تەبىئىي تۇغۇلۇش مۇتىفى «چىگىت باتۇر»، «خېمىر باتۇر» قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئۇچرايدۇ. داستاندا فەرھادنىڭ تۇغۇلغاندىكى ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرلىنىدۇ:

يۈزىدە ئىشق ئەسرارى قازىلغان،
ئىچىندە دەردى تەئۇنزى يازىلغان. (107-بەت)

(يەشمىسى: ئىچى دەرد-ئەلەمدىن قېزىلغان، سىرتقى يۈزلىرىگە بولسا سۆيگۈ-مۇھەببەت سىرلىرى يېزىلغانىدى.)

نىگىنۇ لەئل يوق، دۈررى شەب ئەفرۇز،
دىبەدۇر گەۋھەرى لېكىن جەھانسوز. (107-بەت)

(يەشمىسى: ئۇنى ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك دېگەندىن كۆرە، كېچىنى يورۇتقۇچى مەرۋايىت، بەلكى جاھاننى ئۆرتىگۈچى گۆھەر دېگەن تۈزۈك ئىدى.)

ئېشىلگەن رىشتەسى تابى ۋافەدىن،
تېشىلگەن باغرى ھەككاكى قەزادىن. (107-بەت)

(يەشمىسى: ئۇنىڭ يىپلىرى ۋاپا تەسىرى بىلەن ئېشىلگەن، ئۇنىڭ كۆكسى بولسا قازا نەققاشلىرى تەرىپىدىن تېشىلگەنىدى.)

كۆزىدە ئەشكى سەيلىدىن ئەسەرلەر،
دەمىدە ئاھ دۇدىدىن خەبەرلەر. (107-بەت)

(يەشمىسى: ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش قىيانىنىڭ ئالامەتلىرى بولۇپلا قالماي، ھەر بىر چىقارغان نەپەسلىرىمۇ ئاھۇ-نالە تۈتۈنلىرىدىن خەۋەر بېرىپ تۇراتتى.)

مۇھەببەت نۇرى ئالىندا ھۇۋەيدا،
جەمالىدا ۋەپا تۇغراسى پەيدا. (107-بەت)

(يەشمىسى: ئۇنىڭ ئالدىدا مۇھەببەت نۇرى نامايان،

چىرايىدا ۋاپا نىشانى ئوچۇق ۋە ئايانىدى.)

فەلەك دەپ دەرد ئېلىنىڭ شاھى ئانىڭ،
مەلەك دەپ دەرد ئوتى ئاگاھى ئانىڭ. (108-بەت)

(يەشمىسى: پەلەك ئۇنى «دەرد ئەھلىنىڭ پادىشا-
ھى» دەپ ئاتىسا، پەرىشتىلەر «دەرد ئوتىنى تونۇپ يەت-
كۈچى» دەپ تەرىپلىگەنىدى.)

كۆرۈنمەي ئۆزگە ياشلاردەك سىفاتى،
كۆزىگە بولماي ئۇيقۇ ئىلتىفاتى. (112-بەت)

(يەشمىسى: ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى باشقا باللارغا
ئوخشىمايتتى، كۆزىگە ئاسانلىقچە ئۇيقۇ كەلمەيتتى.)

ئەگەر فەرھادنىڭ تۇغۇلۇشى ئادەتتىكىدەك تەسۋىر-
لەنگەن بولسا، كېيىنكى ئاشىقلىق يولىدىكى مۇشەققەتلىرى
كىشىنى ئۇنچە ھاياجانغا سالالماسلىقى مۇمكىن ئىدى. فەر-
ھادنىڭ تۇغۇلۇشىدىلا كۆرۈلگەن بۇ ئالامەتلەردىن بىر
ئاشىقنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**3. قەھرىمانىنىڭ غەيرىي نورماللىق ئىچىدە چوڭ بولۇش مۇتىفى**

قەھرىمانىنىڭ غەيرىي نورماللىق ئىچىدە چوڭ بولۇ-
شى ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى باتۇرلۇق ئىشلىرىنى تېخىمۇ
ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قى-
لىدىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئېپوس، داستان، چۆ-
چەكلەردە ئومۇميۈزلۈك ساقلانغان بىر خىل مۇتىف
شەكلى. قەھرىمانىنىڭ غەيرىي تەبىئىي چوڭ بولۇش مۇتى-
فى ئۇيغۇرلارنىڭ «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا: «ئوغۇزخان
40 كۈندىن كېيىن، چوڭ بولدى، ماڭدى، ئوينىدى.
ئۇنىڭ پۇتى بۇقا پۇتىدەك، بېلى بۆرە بېلىدەك، مۈرىسى
قارا بۇلغۇن مۈرىسىدەك، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك،
پۈتۈن بەدىنىنى قويۇق تۈك باسقانىدى»② دەپ تەس-
ۋىرلىنىپ، ئۇنىڭ كېيىنكى قەھرىمانلىق پائالىيەتلىرى
ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. بۇ مۇتىف «مىڭكۈ
باتۇر» قاتارلىق چۆچەكلەردىمۇ ئۇچرايدۇ.

داستاندا فەرھادنىڭ چوڭ بولۇشى تۆۋەندىكىدەك
تەسۋىرلىنىدۇ:

ئىچەردە مۇردىن ئۆكسۇك غىزاسى،
تاپىپ قۇت ئانچەكىم ئارسلان بەلاسى. (114-بەت)

(يەشمىسى: چۈمۈلىدەك غىزالىنىپ، ئۆزىگە يولۋاس
باللىسىدەك كۈچ-قۇدرىتىدەك قۇۋۋەت تاپاتتى.)

چۇ ئۆچ ياشقە چەكتى دەۋرى ئەفلاك،
تەكەللۇم قىلدى ئانداقكىم دۇرى پاك.
سۆزى بارى بولۇپ ئەفسانەئى ئىشق.
مەقەمۇ مەسكەنى كاشانەئى ئىشق. (115-بەت)

(يەشمىسى: ئۇ پاك گۆھەرنىڭ يېشى ئۈچكە يەتكەن-
دە، ئىشق ئەپسانىلىرىدىن سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ
تۇرىدىغان ئورنىمۇ ئىشق ھۇجرىسىدىن ئىبارەت بولدى.)

ئەجەبدۇر ئۆچ ياشدا كۆزگە ئەتفال،
نېچۈككىم ئون ياشدا ئۆزگە ئاتفال. (115-بەت)

(يەشمىسى: شۇنىسى ئاجايىپ ئىدىكى، ئۇ ئۈچ ياشقا
كىرگىنىدە ئون ياشقا كىرگەن بالىدەك كۆرۈنەتتى.)

ئۈچىنچى ئاي رەۋان بولدى سەۋادى،
بۇرۇنقى يىلدا قۇرئان بولدى يادى. (117-بەت)

(يەشمىسى: ئۈچ ئايدا تولۇق ساۋاتلىق، بىر يىلدا
«قۇرئان»نى يادا ئېلىپ بولدى.)

ئەگەر بىر قاتلا كۆردى ھەر سەبەقنى،
يانا قايتا ئاچماق يوق ئىبردى ئول ۋەرەقنى. (117-بەت)

(يەشمىسى: ئۇ ھەرقانداق ساۋاقنى بىر قېتىملا كۆرسە،
ئۇ ۋاراقنى ئىككىنچى قېتىم ئېچىش ھاجەتسىز ئىدى.)

بولۇپ ئون ياشقا ئۆمرىنىڭ مۇرۇرى،
يىگىرمە ياشچە قەددۇ جىسم زورى. (119-بەت)

(يەشمىسى: ئۇ ئون باھارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن
ۋاقتىتا ئۆزىدە 20 ياشلىقلارنىڭ قەددى-قامىتىنى يېتىل-
دۈردى).

ئەگەر فەرھادنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئادەتتىكىدەك
بولسا، ئۇنىڭ كېيىنكى قەھرىمانلىق ئىشلىرى كىشىنىڭ ئى-
شەنچىسىنى قوزغىيالىشى ناتايىن.

**4. پەرھىز تۇتۇش ۋە پەرھىزنى بۇزۇش مۇتىفى**

پەرھىز — خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان ئەنئەنىۋى
مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە، ئىنسانلارنىڭ مەلۇم ھە-
رىكەت ۋە قىلمىشلىرىنى چەكلەيدىغان، ئىنسانلار ئۆزلىرى-
گە مەنىۋى ۋە ماددىي قولايلىق ئىزدەيدىغان بىر خىل
ئېھتىياجدۇر. پەرھىز مۇتىفى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە
كۆپ كۆرۈلىدىغان ھەمدە ۋەقەلىكنىڭ باشلىنىشىغا بىۋا-
ستە تەسىر كۆرسىتىدىغان، قەھرىمانىنىڭ ھەر خىل قىيىن-
چىلىقلارغا ئۇچرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇتىف-
لارنىڭ بىرى. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى «بوز
كۆرپەش ۋە قاراساچ ئايىم»، «چىن تۆمۈر باتۇر»، «بىر
پەرىزاتنىڭ سۈرىتى» قاتارلىقلاردا بۇ مۇتىف گەۋدىلىك
تەسۋىرلىنىدۇ.

داستاندا:

كى ئافەت قەلئەسى مەھكەمرەك ئەۋلا،
ئانىڭ ئەسرارى ھەم مۇبھەمرەك ئەۋلا. (213-بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(يەشمىسى: ئاپەت قەلئەسىنىڭ بېكىتىلگىنى ئەۋزەل ۋە ئۇنىڭ سىرلىرىنىڭ مەخپىي بولغىنى ياخشىراق.)

پادىشاھ فەرھادقا:

كى بۇ ساندۇق سىررىن كىمسە بىلمەس،
كەلدى يوقتۇرۇر، قۇفلى ئاچىلماس.
ئانى كۆردۈڭ، بىلۇرنىڭ فىكرىدىن كەچ،
كى بىز ھەم كۆردۈك، ئەمما بىلمەدۈك ھىچ. (214 - بەت)

(يەشمىسى: بۇ ساندۇقنىڭ سىرىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئاچقۇچى يوق، قولۇپ ئېچىلمايدۇ. ئۇنى ئېچىش نىيىتىڭدىن كەچ. بىز بۇ ساندۇقنى قانچە قېتىم كۆرگەن بولساقمۇ، ئۇنىڭ ھەققىتىنى بىلگەن ئەمەسمىز.)

پادىشاھنىڭ فەرھادقا قىلغان چەكلەش خاراكتېرىدىكى سۆزى بولۇپ، پەرھىز مۇتىفى بولىدۇ.

ئېشتىكەچ شاھ ئۇزرىن شاھزادە.
ھەۋەس سەۋداسىنى قىلدى زىيادە. (214 - بەت)

(يەشمىسى: بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شاھزادىنىڭ ساندۇقنى ئېچىش ئىستىكى تېخىمۇ كۈچەيدى.)

پەرھىز تۇتۇش ۋە پەرھىز بۇزۇش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، پەرھىز بۇزۇلسا، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ دەپ قارىلىدۇ.

فەرھادنىڭ چەكلەنگەن ساندۇقنى ئېچىشى ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە يۇرتىدىن ئايرىلىشىغا ھەمدە باشقىلارنىڭ قەست قىلىشىغا ئۇچراپ، ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر فەرھاد ساندۇقنى ئاچمىغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ مۇشەققەتلىرى ۋە تىراگېدىيەسىمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى. دېمەك، پەرھىزنى بۇزۇشتىن فەرھاد تىراگېدىيەسى باشلانغان.

**5. بېشارەت مۇتىفى**

بېشارەت مۇتىفى — ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا كۆپىنچە بىرەر نەرسىگە يېزىپ قويۇش ئارقىلىق بېشارەت بېرىش، چۈشىدە بېشارەت بېرىش، خىزىر ياكى ھۆكۈمالارنىڭ بېشارەت بېرىشى شەكلىدە ئۇچرايدۇ.

بىرەر نەرسىگە يېزىپ قويۇپ بېشارەت بېرىش. تاختا، قەغەز قاتارلىق نەرسىلەرگە يېزىپ قويۇش ئارقىلىق قەھرىمان ئۇچرايدىغان قىيىنچىلىقلار ۋە ئۇنى يېڭىشنىڭ ئۇسۇللىرى توغرىسىدا بېشارەت بېرىدۇ. مەسىلەن، «فەرھاد - شىرىن»دا، تىلسىم ئەينەكنىڭ سىرىنى ئېچىشنىڭ يوللىرى ئەينەكنىڭ كەينىگە يېزىلغان: يەنى:

ئارادا قالسا ئۈچ مەنزىل مەسافەت،
ئول ئۈچ مەنزىلدە ۋاقىئدۇر ئۈچ ئاففەت. (219 - بەت)

(يەشمىسى: تاغقىچە ئۈچ مەنزىلنى كېزىپ ئۆتەتتى، ئۈچ مەنزىلنىڭ ھەر بىرىدە بىر ئاپەتكە يولۇقاتتى.)

بىرىنچى مەنزىلدە، ئەجدىھا؛ ئىككىنچى مەنزىلدە دىۋە؛ ئۈچىنچى مەنزىلدە، ئاجايىپ تىلسىم؛ مۇشۇلاردىن ئۆتسە تۆتىنچى مەنزىلگە كېلىپ، سوقرات بىلەن كۆرۈشسە ئەينەكنىڭ سىرىنى بىلىدۇ دەپ بېشارەت بېرىدۇ.

خىزىر ۋە ھۆكۈمالارنىڭ بېشارەت بېرىشى. خىزىر ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئوبراز. خىزىر قەھرىماننىڭ يىراق سەپەرگە چىقىپ مەلۇم نەرسىلەرگە ئېرىشىش ياكى تىلسىملارنى ئېچىش قاتارلىق ئىشلىرىغا يول كۆرسىتىپ، مۇشكۈلنى ئاسان قىلىدۇ. ھۆكۈمالارمۇ كۆپ ئۇچرايدىغان بولۇپ، قەھرىماننىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە يول كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، فەرھاد يۇنانغا كەلگەندە، يۇناندا سۇھەيلا ھېكىم بىلەن كۆرۈشىدۇ. سۇھەيلا ھېكىم ئۇنىڭغا ئەجدىھا بىلەن دىۋىنى يېڭىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

يەنى: بۇ ياغدىن سۇرتۇپ ئەۋۋەل ئۈز تەنىڭغە،
سەمەندەر ھەملەلىق خارا كەنىڭغە.
كى ئەژدەر بىرلە رەزم ئەتكەن زەماندا،
بۇ ياغ ئوتدىن سېنى تۇتقاي ئەماندا. (248 - ، 249 - بەت)

(يەشمىسى: سەن ئەجدىھا بىلەن تۇتۇشىدىغان ۋاقىتتا بۇ ياغنى ئۆز تېنىڭگە سۈرتكىسەن، ئەجدىھا بىلەن جەڭ قىلغان ۋاقىتتا بۇ ياغ سېنى ئوتتىن ئامان ساقلايدۇ.)

ئۈچىنچى مەنزىل بولسا ئالدىنقى ئىككى مەنزىلدىن مۇشكۈل بولغان ئاجايىپ تىلسىم ئىدى. بۇ مەنزىلدە فەرھاد خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئوڭۇشلۇق ئۆتىدۇ ھەمدە تۆتىنچى مەنزىلگە يېتىپ، سوقرات بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئەينەكنىڭ سىرىنى ئاچىدۇ. مەسىلەن:

تۇشۇب كۆڭلىغە ھەيراتدىن شەرارە،
ئانىڭ رۇخسارىغە قىلدى نەزارە.
نى كۆردى تۇرفە دەشتى ناز پەرۋەرد،
كۆرۈنمەي دەشتىدە جۇز سەبزەئى دەرد. (333 - بەت)

(يەشمىسى: فەرھاد ئەينەكنىڭ يۈزىگە نەزەر تاشلىدى ۋە كۆڭلىگە ھەيرانلىق ئۇچقۇنى چۈشتى. ئەينەكتە ئاجايىپ چىرايلىق بىر دەشت كۆرۈندى، دەشتنىڭ سەھنىسىدە ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھلاردىن باشقا ھېچ نەرسە كۆزگە چېلىقمىدى.)

**6. سىناق مۇتىفى**

ئىنسانلار ياشاش جەريانىدا ھەر خىل قىيىن سىناق -

لارغا دۇچ كېلىدۇ. شۇ ئاساستا سىناق ئېپىكى شەكىللىنىدۇ. ھەرقانداق ئەسەر مەيلى ئۇ ئاغزاكى ئەسەر ياكى يازما ئەسەر بولسۇن ھەممىسى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئاساسىدا ئىجاد قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئىنسانلاردىكى سىناق ئېپىكى ئەدەبىياتىمىزغا مەلۇم دەرىجىدە سىڭگەن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ژانىرلاردا سىناق مۇتىفلىرى دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. يەنى قەھرىمان بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. قىزنىڭ ئۆزى، قىزنىڭ دادىسى ياكى قىزنىڭ ئاكىسى قەھرىمانغا ناھايىتى قىيىن شەرت قويىدۇ ياكى قارشى تۇرىدۇ، قەھرىمان خىزىر، دانىشمەن، خاسىيەتلىك نەرسە ياكى ھەر خىل جانىۋارلارنىڭ ياردىمىدە شەرتنى ئورۇنداپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىدۇ.

«فەرھاد ـ شىرىن» داستانىدا، فەرھاد ئەجدىھا، دىۋە بىلەن ئېلىشىپ، خەلقنى ئۇلارنىڭ تەھدىتىدىن قۇتقۇزۇپ باتۇرلۇقىنى نامايان قىلىدۇ. شىرىننىڭ خەلقنى تاغ قېزىپ سۇ باشلىشنى تەلەپ قىلىپ ئۇلارغا سېلىق سېلىشى خۇددى «ئۈچ يالغاندا قىرىق يالغان»، «ياخشىلىققا ياخشىلىق»، «مەلىكە گۈلرۇز»، «چېچەن تاز» قاتارلىق چۆچەكلەردىكى مەلىكە ياكى ئۇنىڭ دادىسى ناھايىتى تەس سوئال ياكى ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشنى شەرت قىلىپ قويۇشى، كىم شەرتنى ئورۇندىيالىسا مەلىكە شۇنىڭ بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشى، نەتىجىدە نۇرغۇن يىگىتلەر بۇ شەرتنى ئورۇندىيالماي جېنىدىن ئايرىلىشى ياكى ۋاز كېچىپ كېتىپ قېلىشى، پەقەت باش قەھرىمانلا بۇ تەس ئىشنى ئورۇنداپ مەلىكە بىلەن توي قىلىشى دېگەندەك مەزمۇنلارغا ئوخشايدۇ ياكى يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. شىرىن تاغنى كىم قېزىپ چىقسا، شۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن دېمىگەن بولسىمۇ، شىرىن فەرھاد كېلىشتىن بۇرۇن تاغ قېزىپ سۇ باشلاشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان پەيتتە، فەرھاد كېلىپ تاغ قازغۇچىلارغا ياردەملىشىپ نۇرغۇن ئادەم ئۈچ يىلدا قازغانچىلىك يەرنى بىر كۈندە قېزىپ بولىدۇ، بۇ ئىش شىرىننىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ، بۇ مەزمۇنلاردا سىناق مۇتىفى يوشۇرۇن ھالەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

## 7. سۈيىقەست مۇتىفى

سۈيىقەست قىلىش ئەخلاققا خىلاپ ھەرىكەت بولۇپ، ئىنسانلار ياشاش جەريانىدا بىر قىسىم رەزىل كىشىلەرنىڭ سۈيىقەستىدىن خالىي بولالمايدۇ. بۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋال. سۈيىقەست مۇتىفى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ بىر قانچە خىل شەكىلدە ئىپادىلەنگەن ھېلىگەر موماينىڭ سۈيىقەست قىلىشى، ئاكىلىرىنىڭ كەنجى ئوغۇلغا سۈيىقەست قىلىشى، دوستىنىڭ قەھرىمانغا سۈيىقەست قىلىشى، ئۆگەي ئانىنىڭ ئۆگەي بالىسىغا سۈيىقەست قىلىشى قاتارلىق تۈرلىرى بار. «چىن تۆمۈر باتۇر»، «ئابدۇراخمان خان پاشا»، «بوز يىگىت ۋە قاراساچ ئايىم» قاتارلىق داستانلار، «شەمشەر شاھ»، «بىر پەرىزاتنىڭ سۈرىتى»، «كەنجى باتۇر»، «بۇلبۇلگويا» قاتارلىق چۆچەكلەردە كۆرۈلىدۇ.

«فەرھاد ـ شىرىن» داستانىدا، ئاساسلىق ئىپادىلەنگەن سۈيىقەست مۇتىفى بولسا، ھېلىگەر موماينىڭ سۈيىقەست قىلىش مۇتىفىدۇر. خىسراۋ فەرھادنى جەڭ قىلىش ئارقىلىق تۈگىتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ھېلىگەر مومايىنى ئىشقا سېلىپ فەرھادنى بىھوش قىلىپ تۇتۇپ زىندانغا سولايدۇ. خىسراۋ فەرھاد بىلەن شىرىننىڭ خەت ئالاقە قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ، مەككار مومايدىن بىرنى تېپىپ، فەرھادنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. مەككار موماي ھەر خىل ھىيلە ـ نەيرەڭ ئارقىلىق فەرھادنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىدۇ ۋە شىرىن سېنىڭ دەردىڭدە ئۆلدى دەيدۇ، فەرھاد شىرىننىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئازابلىنىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

دېمەك، نەۋايى بۇ گۈزەل رىۋايەتنى قايتا يارىتىشتا ئەپسانە، رىۋايەت، داستان، چۆچەكلەردىكى كۆپ ئۇچرايدىغان، يەنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن مۇتىفلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، مەزمۇنى رەڭدار، ۋەقەلىكى گۈزەل بولغان بىر مۇھەببەت ھېكايىسىدىكى ئوبرازلارنى يەنىمۇ مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە، «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىنى بەدىئىي جەھەتتىن تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن.

**ئىزاھاتلار:**

① مېھرىئاي مەمتىلى: «تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېپوسلىرىدىكى قەھرىماننىڭ ئالاھىدە تۇغۇلۇش مۇتىفى ئۈستىدە تەھلىل»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىللىق 3 ـ سان 55 ـ بەت.

② گېڭ شىمىن. تۇرسۇن ئايۇپ نەشرگە تەييارلىغان: «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 41 ـ بەت.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

(1) ئەلىشىر نەۋايى: «فەرھاد ـ شىرىن»، شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

(2) موللا سىدىق يەركەندى: «فەرھاد ـ شىرىن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى خەلق ئېغىز ئەدەبىيات تەتقىقات يۆنىلىشىنىڭ 2011 ـ يىللىق ماگىسترانتى)

www.uyghurkitap.com




**ئادەم ئۆگەر** (تۈركىيە)

ئىنسان بالىسى تەبىئەت ۋە ئالەمگە مەنە بېرىش باسقۇچىدا تۇرغان چاغلاردا قايسى ئۆسۈملۈك، قايسى ھايۋاننىڭ پايدىلىق ياكى زىيانلىق ئىكەنلىكىنى سىناپ كۆرۈش، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشتەك ئۇسۇل بىلەن بىلمەكچى بولغان. كېيىنچە ئۆزىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ھاياتنى مەيلى قورقۇنچتىن بولسۇن ياكى ھاياتنىڭ مۇشكۈللۈكلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ پسىخولوگىيەلىك تەسىرى بولسۇن، تەبىئەتتىكى نەرسىلەرنى مۇقەددەسلەشتۈرۈشكە باشلاش ئارقىلىق داۋاملاشتۇرغان. بۇ نۇقتىدا مەنە بېغىشلانغان نەرسىلەرنىڭ مۇقەددەسلىكى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېتىقاد سىستېمىسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. ھايۋانلارنىڭ ئەجداد سۈپىتىدە مۇقەددەس دەپ قارىلىشى، ھەتتا تەڭرىلەشتۈرۈلۈشى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ئالدىدا مۇداپىئەسىز ۋە ئاجىز ھالەتتە قالغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ كونتېكستتە قۇشلارنىڭ مۇھىم بىر رولى بار، قۇشلار بەزىدە تەڭرى بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا بىر ئالاقە ۋاستىسى سۈپىتىدە، بەزىدە بولسا روھنىڭ شەكىلسىمان تەسۋىرىي شەكلىدە بىر قانچە خىل مەنىگە ئىگە قىلىنغان. تۈرك مەدەنىيىتى چەمبىرىكىدە قۇشلار خەلق ھېكايىلىرى ئېتىقادلارغا قەدەر بىر مۇنچە فولكلور ئەسەرلىرى ئىچىدە پەرقلىق رول ئويناشتەك ئالاھىدىلىك بىلەن ئورۇن ئالغان.

تۈرك مىفىك ئېتىقاد ۋە چۈشەنچە سىستېمىلىرىدا قۇشلار پەرقلىق خۇسۇسىيەتلەر بىلەن ئۇچرايدۇ. تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ يارالمىش مىفلىرىدە تۈرلۈك قۇشلار كۆزگە چېلىقىدۇ. مەسىلەن، ياقۇتلارنىڭ، يېنىسەي ۋە ئالتاي ئەتراپلىرىدا ياشىغان قەبىلىلەرنىڭ مىفلىرىدە غاز، ئاق قۇ ۋە قارلىغاچ قاتارلىق قۇشلاردىن سۆز ئېچىلىدۇ.

شامانلارنىڭ دۇمبىقىدا غاز، بۈركۈت قاتارلىق قۇشلارنىڭ تەسۋىرى چېلىقىدۇ. شامانىزم ئېتىقادىدا ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ روھىنىڭ قۇش شەكلىگە ئۆزگىرىدىغانلىقى مەلۇم. ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ روھىنىڭ بىر قۇش سۈپىتىدە كۆككە ئۇچۇشى تۈركىي قوۋملاردە خېلىلا كەڭ تارقالغان بىر چۈشەنچىدۇر ①.

«جامىئۇتتەۋارى»تا 24 ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن بىردىن قۇشنىڭ ئونگۇن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقى مەلۇم. ھەر بىر قەبىلىنىڭ ئۆزىنى تونۇتۇش ئۈچۈن بىر گېرب سىمۋول سۈپىتىدە بايرىقىغا چۈشۈرگەن بىر قۇشى بار ئىدى ②.

ئىسلام ئېتىقادى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىنمۇ قۇشلارنى ئۇلۇغلاش داۋام قىلغان، ئۇلار كۆپىنچە دىنىي ۋەقەلەر ۋە شەخسلەرگە باغلىنىشلىق ھالدا چۈشەندۈرۈلگەن.

بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەپتەر، قارلىغاچ، بۇلبۇل، تۇمۇچۇق، كاككۇك، قارا قۇشقاچ ۋە پاختەك قاتارلىق قۇشلارغا مۇقەددەسلىك چۈشەنچىسى بېغىشلانغان. شۇ سەۋەبلىك، ئۇيغۇرلار بۇ قۇشلارنىڭ بەزىلىرى ئۈچۈن ئۆيلەرگە مەخسۇس ئۇۋا ياسايدۇ. قارلىغاچ بىلەن كەپتەر بولسا كىشىلەر ئەڭ ياقتۇرىدىغان قۇشلار بولۇپ، بۇلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ قارلىغاچ بىلەن كەپتەر ھەر خىل مىفىك ۋە دىنىي ۋەقەلەرگە باغلىنىشلىق ھالدا مۇقەددەس دەپ قارالغان قۇشلار ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكى مەنبەلەردە «قارلىغاچ» سۆزى «قارلاغۇچ» ۋە «قارلاگۇچ» دېگەن شەكىلدە ئۇچرايدۇ. تۈركمەنلەردە «قارلىگاش»، بالقان تۈركلىرىدە «قارىلىگاچ»، قىرغىزلاردا «چابىلىكېي» ياكى «چابىيېكېي»، قازاقلاردا «قارلىغاش»، ئۆزبەكلەردە «قالدىرغاچ»، ئالتاي، تەلەئۇت تۈركلىرىدە «قارىلىگاش»، شورلاردا «قارىلىگاش» ياكى «قارلاش»، ساغايلاردا «قارلاگاس» شەكلىدە ئاتالغان. ئۇيغۇرلاردا بولسا «قارلىغاچ» دەپ ئاتىلىدۇ ③. ھاسان ئەرەن «تۈرك تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيەلىك لۇغىتى» ناملىق ئەسىرىدە «قارلىغاچ» سۆزىنىڭ «قارىلىق» (قارىلىق)قا «(ئى))چ» دېگەن كىچىكلىتىش قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغانلىقىنى ئىپادە قىلىدۇ④.

قارلىغاچ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇقەددەس دەپ ئاتالغان ۋە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن بىر قۇشتۇر. دوستلۇق ۋە شەپقەتنىڭ سىمۋولى بولغان قارلىغاچ «ئىنسانلارنى خەۋپ-خەتەردىن قۇتۇلدۇرغان قۇش» سۈپىتىدە تونۇلغان. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئۆي ۋە پېشايۋاننىڭ تورۇسلىرىغا، ئىشىكنىڭ ئۈستىگە قارلىغاچقا ئاتاپ ئالاھىدە ئۇۋا سېلىپ بېرىدۇ. چۈنكى «قارلىغاچ ئۇۋا تىزغان ئۆيگە بەخت قونىدۇ» دەيدىغان ئېتىقاد بار، ھەتتا كۆز پەسلىدە قارلىغاچلار ئۇۋىسىغا قايتىپ كەلمىسە ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئىسرىق سېلىپ، قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىنىدۇ، بولۇپمۇ قارلىغاچلارنى ئۆلتۈرۈشكە ۋە قول بىلەن تۇتۇشقا بولمايدۇ. ئۇنى تۇتۇۋالغان كىشىنىڭ قولىنىڭ تىترەيدىغان بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ⑤. قارلىغاچ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇ ئەقىدە-ئېتىقادلارنى تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا قارلىغاچ ھەققىدە سۆزلەنگەن ئەپسانىلەرنىڭ بۇ ئەقىدە-ئېتىقادلارنىڭ شەكىللىنىشى ھەم ئىزچىل داۋاملىشىشىدا ناھايىتى چوڭ تەسىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ يېتىمىز.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى قارلىغاچ ۋە كەپتەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەر كۆپىنچە «نۇھ توپانى» (توپان بالاسى)نى چۆرىدىگەن ھالدا شەكىللەنگەن. «تەڭرىنىڭ دۇنيانى يامانلىقتىن خالىي قىلىش ۋە يامانلارنى جازالاش ئۈچۈن يەر يۈزىنى سۇغا غەرق قىلغانلىقىنى، ئەلچىسى ياكى مۇقەددەس بىر كىشى ئارقىلىق بىر كېمە ياساتىپ، ئىنسان، ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك نەسلىنى قۇتقۇزۇپ ئۇلارنى قايتىدىن ياراتقانلىقىنى ھېكايە قىلىدىغان توپان بىلەن مۇناسىۋەتلىك تېكىستلەرنى دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ۋە بەزى مۇقەددەس كىتابلاردا ئۇچرىتىش مۇمكىن ⑥. ئەڭ قەدىمكى ئۆرنىكى سۇمېرلار ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرى ئارقىلىق بابىللار ئارىسىدىمۇ ئۇچرايدىغان توپان ئەپسانىسى ئالتاي تۈركلىرى ئارىسىدىمۇ تارقالغاندى. بۇنىڭدىن باشقا «تەۋرات» ۋە «قۇرئان كەرىم»دىمۇ توپان بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۈرىلەر بار⑦. نۇھ پەيغەمبەر ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدە توپان بىلەن بىرلىكتە ئۇچرايدۇ. ھاياتلىقنىڭ 2-قېتىم باشلىنىشىنى ئىپادە قىلغان نۇھ توپانى ئەپسانىلەردە ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ بەلگىلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر ۋەقە سۈپىتىدە سۆزلىنىدۇ. ئۆچكىنىڭ قۇيرۇقىنىڭ دىڭگەيىپ تۇرۇشى، مۈشۈكنىڭ دۈمبىسىنىڭ يەرگە تەگمەيدىغانلىقى، كەپتەرنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا «مۇقەددەس قۇش» سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشى، قارلىغاچنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئاچىماق بولۇشى ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدە نۇھ توپانىدا مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەر سۈپىتىدە چۈشەندۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە «توپان» دېگەن نامنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىمۇ نۇھ توپانىغا باغلىنىدۇ⑧.

ئۇيغۇرلاردىكى قارلىغاچ بىلەن مۇناسىۋەتلەر ئەپسانە ۋە ئېتىقادلارنىڭ تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ زور كۆپ قىسمىدا ئورتاقلىق تەشكىل قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ماقالىمىزدە بېرىلگەن 1-ۋە 2-نومۇرلۇق ئەپسانە تېكىستلىرىدە قارلىغاچ نۇھ توپانىدا بار قۇشلاردىن بىرىدۇر ۋە توپاندىن كېيىن ئىنسان بالىسىنى يىلاندىن قۇتقۇزغان قۇش سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەپسانىدە ئۇنىڭ ئىنسان بالىسىنى قۇتقۇزغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلۇغلانغانلىقىمۇ ئالاھىدە

تەكىتلەنگەن خۇسۇسلاردىن بىرىدۇر. بۇنىڭغا ئوخشاش ئەپسانىلەر تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا خېلىلا كەڭ تارقالغان. مەسىلەن، ھەزرىتى نۇھ توپان سۈيىدە كېمە بىلەن كېتىۋېتىپ دۇنيادا قايسى جانلىقنىڭ قېنىنىڭ تاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن يەر يۈزىگە ئاۋۋال قاغىنى ئەۋەتىپتۇ، لېكىن قاغا قايتىپ كەلمەپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن پاشىنى ئەۋەتىپتۇ، ئۇمۇ قايتىپ كەلمەپتۇ. ئاخىرىدا قارلىغاچنى ئەۋەتىپتۇ، قارلىغاچ قايتىپ كەپتۇ. ئەپسانىدە نۇھ پەيغەمبەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان قارلىغاچنىڭ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن مۇقەددەس دەپ قارالغان ۋە ئۇلار ئۈچۈن ئالاھىدە بىر ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان قۇش ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان بۇ ئەپسانىنىڭ باشقا تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدىمۇ تۈرلۈك ۋارىيانتلىرى بار. مەسىلەن، ئانادولۇدا تارقالغان بىر ئەپسانىدە دېيىلىشىچە، نۇھنىڭ كېمىسى تېشىلىپ كېتىپتۇ، تۆشۈكنى يىلان ئېتىپتۇ، يىلان مۇكاپات ئۈچۈن خالىغان جانلىقنىڭ ئېتىنى يېيىشنى تەلەپ قىپتۇ. ھەرە بارلىق جانلىقنىڭ ئېتىنى تېتىپ چىقىپتۇ ۋە ئەڭ تاتلىقى ئىنساننىڭ ئېتىكەن دەپتۇ، قارلىغاچمۇ ئىنسانلارنى قۇتقۇزاي دەپ ھەرىنىڭ تىلىنى چوقىلاۋاپتۇ، يىلان بۇنىڭغا غەزەپلىنىپ قارلىغاچنىڭمۇ قۇيرۇقىنى چىشلەپ يىرتىۋېتىپتۇ⑨.

بۇرياتلارنىڭ بىر ئەپسانىسىدە قارلىغاچنىڭ قۇيرۇقىنىڭ يىلان چىقىۋېلىشى بىلەن ئاچىماق بولۇپ قالغانلىقى سۆز تېمىسى قىلىنغان. ئەپسانىدە بۇ ئەھۋال قارلىغاچ ئوتنى قوچۇشقا غەيرەت قىلغانلىقى ئۈچۈن كۆك تەڭرى تەرىپىدىن ئېتىلغان بىر ئوق بىلەن قۇيرۇقى پارچىلانغان دېگەن شەكىلدە ئۇچرايدۇ⑩. ئەزەربەيجان تۈركلىرىدىن توپلانغان بىر ئەپسانىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق: «پادىشاھنىڭ مەلىكىسى بىلەن چوپان ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقى-مۇھەببەتكە پادىشاھ قارشى چىقىپتۇ. پادىشاھ مەلىكىسگە لايىق كۆرمىگەن بۇ چوپاننى بىر قىش كۈنى قىيادىن پەسكە تاشلىۋېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ مەلىكىسى باھار قاتتىق نىدا قىپتۇ، چوپان شۇ ئەسنادا ئاللاھتىن ئۆزىنى بىر قۇشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇشنى تىلەپتۇ، نەتىجىدە چوپان قارلىغاچقا ئايلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قارلىغاچ بىلەن قىشنىڭ كۈرىشى باشلىنىپتۇ. قىش يېڭىلىشقا ئاز قالغاندا ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپتۇ ۋە قولىنى قارلىغاچنىڭ قۇيرۇقىغا ئۇزىتىپ ئىككى تال پېيىنى ئۈزىۋاپتۇ، شۇ كۈندىن باشلاپ كۆكسى ئاق، قۇيرۇقى ئاچىماق بولۇپ قالغان قارا قۇشنىڭ ئىسمى قارلىغاچ دەپ ئاتىلىپتۇ»⑪.

سىبىرىيەدىكى خرىستىيانلاشقان ياقۇتلار ئارىسىدا تارقالغان بىر مەسەلنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «شەيتان ئىسانىڭ ئاكىسى ئىكەن، لېكىن ئىسا ياخشى، شەيتان يامان ئىكەن، تەڭرى دۇنيانى ياراتماقچى بولغاندا، شەيتانغا ‹ھەر ئىشنى قىلالايمەن دەپ ماختىنىسەن ۋە ئۆزۈڭنى مەندىن ئۈستۈن چاغلايسەن، ئۇنداق بولسا ئوكيانىنىڭ ئاستىدىن قۇم ئېلىپ كەل› دەپتۇ. شەيتان سۇنىڭ ئاستىغا چۆكۈپتۇ، بىراق سۇنىڭ يۈزىگە چىققان ۋاقتىدا قولىدىكى قۇمنىڭ يۇيۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. شەيتان يەنە ئىككى قېتىم سۇنىڭ ئاستىغا چۈشكەن بولسىمۇ، قۇمنى ئېلىپ چىقالماپتۇ. 4-قېتىم ئۆزىنى قارلىغاچقا ئايلاندۇرۇپتۇ ۋە تۇمشۇقىدا ئازراق لاي ئېلىپ چىقىپتۇ. ئىسا بۇ لاي پارچىسىنى ئۇلۇغلاپتۇ، ئۇ لاي دۇنياغا ئايلىنىپتۇ. دۇنيا دەسلەپتە تۈز ۋە توسالغۇسىز ئىكەن. ئەمما شەيتان ئۆز دۇنياسىنى ياراتماقچى بولۇپ، بىر پارچە لايىنى بوغۇزىغا يوشۇرۇۋاپتۇ. ئىسا شەيتاننىڭ ھىيلىسىنى تۇيۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ گەجگىسىگە ئۇرۇپتۇ. لاي پارچىسى شەيتاننىڭ ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقىپتۇ ۋە يەر يۈزىدىكى تاغلارنى ھاسىل قىپتۇ. ھالبۇكى ئەسلىدە ھەممە يەر تۈپتۈز ئىكەن»⑫. بۇ مەسەل ئالتاي تۈركلىرىنىڭ دۇنيانىڭ يارىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مىفلىك تېكىستلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، پوتانىن بەزى ئالتاي يارالمىش داستانلىرىدا ئىنساننىڭ ئورنىنى قارلىغاچنىڭ ئالغانلىقىنى ئىپادە قىلدۇ⑬.

يۇقىرىدىكى ئۆرنەكلەردىنمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، تۈرك قابىلىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا قارلىغاچ ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئائىت ئامىللار نۇھ توپانى ۋەقەسىگە باغلىنىشلىق ھالدا يارىتىلغان، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ قارلىغاچنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قارلىغاچنىڭ تۈرلۈك كېسەللەرنى داۋالاشتىمۇ خاس بىر رولى بار. مەسىلەن، ھامىلدار بولماقچى بولغان ئاياللار قارلىغاچنىڭ بالىسىنى ئوتتا پىشۇرۇپ يەيدۇ. يەنە ھامىلدار بولماقچى بولغان ئاياللار ئەسكى تاملىقتىكى قۇشلارنىڭ ئۇۋىسى (ئومۇمەن قۇشقاچلارنىڭ ئۇۋىسى)غا قولىنى تىقىپ، قولىغا نېمە چىقسا

2015.6

ئۇنى كۆزنى يۇمۇپلا ئاغزىغا سالىدۇ. قۇش بالىسىنى يېيىش ئادىتى قوشكېزەك بالا يۈزى كۆرمەكچى بولغان ئاياللار ئارىسىدىمۇ بار. ھامىلدار ئاياللار قوشكېزەك تۇغۇشنى ئارزۇ قىلسا، قارلىغاچنىڭ بالىسىنى تېپىپ كېلىپ، ئۇنى باشقا يېمەكلىكلەر بىلەن ئارىلاشتۇرماي تىرىك پېتىلا يۇتۇۋېتىدۇ⑭. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر شامانلىرى ئارىسىدا قۇش پەيلىرى بىلەن كېسەل داۋالاش ئادىتى بار. بۇ خىل داۋالاشتا قارلىغاچنىڭ پەيلىرىمۇ قوللىنىلىدۇ. كېسەل كىشىنىڭ بىر يېرى ئاغرىسا ياكى بەدىنى ئېغىرلاشسا شامانىنىڭ يېنىغا بارىدۇ. شامان بىمارنىڭ كېسەللىك ئالامىتىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، بىماردىن يالغۇز دەرەخ، ئەسكى تام ياكى مەينەت بىر يەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن-ئۆتمىگەنلىكىنى سورايدۇ، بىمار بۇ ئەھۋالنىڭ قانداقلىقىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، شامان بۇ كېسەلنىڭ شۇ يەردىكى مەلۇم خانلىرىمنىڭ ياكى يامان روھلارنىڭ تېگىپ قويغانلىقىدىن بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شامان خەنجەر ياكى بۇركۈت، لاچىن ياكى قارلىغاچ پەيلىرىنى بىمارنىڭ بەدىنىگە سۈرتۈپ ئۇقۇشنىڭ لازىملىقىنى ئەسكەرتىدۇ. شامان قۇش پەيلىرىنى بىمارنىڭ بەدىنىگە سۈرتۈپ «ئەزائىم دۇئاسى»نى ئوقۇيدۇ⑮. شامان دۇئا ئوقۇغاچ قۇش پېيىنى بىمارنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە سۈرتۈپ چىقىدۇ. داۋالاشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا قۇش پېيى بىلەن بىمارنىڭ بەدىنىگە ئۇرىدۇ⑯. بۇنىڭدىن باشقا شامانلارمۇ مۇۋاپىق بىر ۋاقىتتا ئۆزلىرى تېۋىنىدىغان، «قوغدىغۇچى تەڭرى» ھېسابلانغان يالغۇز دەرەخ ياكى قۇشقا (بۇركۈت، لاچىن ياكى قارلىغاچ)، شامانىزمنى ئۆگەنگەن ئورۇنغا ئاتاپ قان ئېقىتىدۇ ياكى ئىسرىق سالىدۇ. شامانلارنىڭ دېيىشىچە، شامانلار ئۆزىنىڭ مازار-ماشايىخلىرىگە چامىسى يەتكەن دائىرىدە قان ئېقىتىپ ئىسرىق سالمىسا، بۇ مازار-ماشايىخلار شامانغا ئاچچىقلىنىپ، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن شامانىنىڭ سېھرىي كۈچى ئاجىزلىشىپ كېتىدىكەن⑰.

قارلىغاچنىڭ خەلق تېبابىتىدە تېببىي مەقسەتتە قوللىنىلىشى ئانادولۇدىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن، خەلق تېبابىتىدە «كۆزگە مېھمان كەلگەن»⑱ ئەھۋالدا ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان قارلىغاچ مېڭىسى، گۈلۈنچەكنىڭ⑲ گۈلىنى ئېزىپ چىقارغان سۈيى سۈرتۈلىدۇ⑳. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە شەرقى ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئانادولۇدا «قارلىغاچ خادىملىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان، پەقەت كۆزگە چۈشكەن ئاقنى ئوپېراتسىيە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشىلەر بار㉑. قادىرى تەرىقىتىگە مەنسۇپ بولغان قارلىغاچ خادىملىرى بۇرۇن ئۆز پىرىنىڭ ئىران ھۆكۈمدارىنىڭ كېسەللىك سەۋەبىدىن كور بولۇپ قالغان كۆزىدىن بىرىنى ئاچقانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمدارنىڭ يەنە بىر كۆزىنىمۇ ياخشىلاشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى، تەرىقەت پىرىنىڭ «بىزنىڭ پىرىمىز مۇشۇنچىلىك قىلىشقا رۇخسەت قىلغان» دەپ داۋالاشنى رەت قىلغانلىقىنى، ھۆكۈمدار تەھدىت سالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قارلىغاچقا ئايلىنىپ ئۇچۇپ قاچقانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ㉒. ئۆرنەك سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن ئەمەلىي ھەرىكەتلەردىنمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، ئانادولۇ فولكلورىدا قارلىغاچنىڭ كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتەك ئالاھىدە بىر خۇسۇسىيىتىنىڭ بارلىقى سۆزلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ئاغزاكى ئەسەرلىرى بىلەن ئەقىدە-ئېتىقادلىرىدا كۆپ كۆرۈلىدىغان قۇشلاردىن يەنە بىرى بولسا كەپتەردۇر. ئوتتۇرا تۈركچىدە كەپتەر سۆزى «كۆگۈرچگۈن» دېگەن شەكىلدە ئۇچرايدۇ. قەدىمكى قىپچاقلاردا «كۆگەرجىن» ۋە «ئۆگەرجىن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئالتاي تۈركچىسىدە «كۆغۈرچۈن»، قىرغىزلاردا «كۆگۈچكۈن»، «كۆگۈرچكۈن»، چۇۋاش تۈركچىسىدە «كاۋاكارچان» شەكلىدە ئۇچرايدۇ. ھاسان ئەرەن «كاۋاك» سۆزىنىڭ «كۆك-گۆك» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ㉓. تۈركىيە تۈركلىرىدە «گۈۋەرجىن» دەپ ئاتالغان بۇ قۇشنى ئۇيغۇرلار «كەپتەر» ۋە « دەمدەر» دېگەن ئىسىملار بىلەن ئاتايدۇ㉔.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «بەرىكەت»، «توقچىلىق»، «دوستلۇق» ۋە «ساداقەت» تىمسالى سۈپىتىدە تونۇلغان كەپتەر يەنە ۋاپادار بىر قۇش دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن بېرى كەپتەردىن «خەۋەرچى» قۇش سۈپىتىدىمۇ پايدىلانغان. ئۇزاق ۋە خەتەرلىك رايونلاردا سەپەر قىلغان چاغلاردا يۇرتىغا ئۇنىڭ بىلەن خەۋەر يوللىغان. كەپتەرنىڭ يۇرتقا ساق-سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكى سەپەردىكىلەرنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىنىڭ بەلگىسى دەپ قارالغان. ئۇيغۇرلار كەپتەرنى چىرايلىق، ئاۋازى يېقىملىق، ئىنسانلار بىلەن بىرلىكتە ياشىغانلىقى ئۈچۈن ۋاپادار قۇش دەپ بىلىپ ئۆيلىرىدە باقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كەپتەرنىڭ سەھەر ۋاقتىدا سايرىشى
ئىبادەت، ئىنسانلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن قىلىنغان
بىر دۇئادۇر. شۇڭا كەپتەر ئۈچۈن مەخسۇس ئۇۋا ياسىلى-
دۇ، ئۇلارغا قەتئىي زىيان يەتكۈزۈلمەيدۇ، كەپتەر ئۇيغۇر
خەلق تېبابىتىدىمۇ خاس بىر ئورۇن تۇتىدۇ. قۇشلار ئى-
چىدە ئۇزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى ۋە گۆشى ھالال دەپ
قارالغان كەپتەر خەلق تېبابىتىدە تېببىي مەقسەتتە قوللىنى-
لىدۇ. بولۇپمۇ بەدەن ئاجىزلىق ۋە ئاشقازان ئاغرىقى قا-
تارلىق كېسەللەر ئۈچۈن كەپتەر گۆشىنى يېيىش بۇيرۇلى-
دۇ. رېماتىزم قاتارلىق كېسەللەر ئۈچۈن بەدەننىڭ سىرتى-
دىن كەپتەرنىڭ قېنى ئېقىتىلىدۇ، بەزى يىرىڭلىق كېسەل-
لەرگە كەپتەرنىڭ قارنىنى يېرىپ تېڭىپ، ئېغىز ئالدۇرۇپ
داۋالايدۇ[25].

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى كەپتەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك
ئەقىدە-ئېتىقادلارنىڭ، كەپتەرگە ئائىت رىۋايەتلەرنىڭ
نۇھ توپانى، ھەزرىتى مۇھەممەد، سۇتۇق بۇغراخان،
قۇمات پاششىم قاتارلىق دىنىي ۋەقە ۋە شەخسلەرنى
ئاساس قىلىپ شەكىللەنگەنلىكىنى ئېيتىش مۇمكىن. باشقى-
چە ئېيتقاندا، دەسلەپتە نۇھ توپانىغا مۇناسىۋەتلىك قىلىپ
كۆرسىتىلگەن كەپتەر كېيىنكى دەۋرلەردە ئىسلام دىنىنى
تەبلىغ قىلىش ۋە تارقىتىشتا مۇھىم رول ئوينىغان دىنىي
شەخسلەر بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنىدۇ، مەزكۇر ماقالىدە
بېرىلگەن 3-ۋە 7-نومۇرلۇق ئەپسانىلەردە كەپتەرنىڭ
«نۇھ توپانى»دا ھەم خەۋەرچى ھەم سادىق بىر قۇش
سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەنلىكى كۆرۈلىدۇ. بۇ ئەھۋال يالغۇز
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانە ۋە ئېتىقادلىرىدىلا ئەمەس، يەنە
بىر مۇنچە تۈرك قەبىلىسىنىڭ ئاغزاكى ئەسەرلىرىدىمۇ ئۇچ-
رايدۇ. مەسىلەن، ۋېربىتسكىي تەرىپىدىن رەتلەنگەن
ئالتاي تۈركلىرىگە ئائىت توپان ئەپسانىسىدە كەپتەر
«خەۋەر يەتكۈزگۈچى»، «تىنچلىق سىمۋولى»، «سادىق
قۇش» سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ[26].

توپان ئەپسانىسىدە كېمىگە چىقىپ سۇ يۈزىدىكى
ئېگىز يەرگە قاراپ ماڭغان بىر مۇقەددەس كىشى (ئالتاي
تۈركلىرىدە ناما) كېمە قۇرۇقلۇققا چىققاندا، ھەر خىل
قۇشلارنى سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلىپ كېلىشكە بۇيرۇي-
دۇ. ناما نۆۋەت بىلەن قۇزغۇن، سېغىزخان، قاغا ۋە كەپ-
تەرنى ئەۋەتىدۇ. قۇزغۇن، سېغىزخان ۋە قاغا سەپەر جەر-
يانىدا بىر تاپقا قونۇۋېلىپ، ئەسلىي ۋەزىپىسىنى ئورۇن-
داشقا سەل قارايدۇ. كەپتەر بولسا تۇمشۇقىدا بىر تال
شاخنى چىشلىگەن ھالدا قايتىدۇ. ناما تاپقا قونۇۋېلىپ ئى-
شىنى كەينىگە سۈرگەن سېغىزخان، قۇزغۇن ۋە قاغىنى
جازالاپ، ئۇلارنى قىيامەتكىچە تاپ بىلەن جېنىڭنى باققاي-
سەن، دەپ قارغايدۇ. تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئورۇندىغان
كەپتەرگىمۇ ئۆزىنىڭ سادىق خىزمەتچىسى بولغانلىقىنى ۋە
قىيامەتكە قەدەر ئۆزىنىڭ ئەۋلادى بىلەن بىللە ياشاشنى
بۇيرۇيدۇ. مانا بۇ ئەپسانە ئارقىلىق سېغىزخان، قۇزغۇن
ۋە قاغىنىڭ نېمىشقا تاپ يەيدىغانلىقى، كەپتەرنىڭ بولسا
نېمىشقا ئىنسانلار بىلەن بىرلىكتە ياشاپ، ئۇلارغا سادىق
بىر قۇشقا ئايلانغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن[27].

تۈرك داستان، ھېكايە، مەنقىبە ۋە ئەپسانىلىرىدە
خىلى مۇھىم ئورۇن تۇتقان «شەكىل ئۆزگەرتىش — قىيا-
پەت ئۆزگەرتىش» موتىفى ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدىمۇ
ئۇچرايدۇ[28]. بولۇپمۇ شامانلارنىڭ كۆككە قاراپ ئۇچقان-
دا، «ئىنسان روھى»غا سىمۋول بولغان بىر قۇشنىڭ شەك-
لىگە كىرىشى ياكى تەبىئەتتىن ھالقىغان بىر ھايۋانغا مىنى-
شى سۆز تېمىسى ھېسابلىنىدۇ. تۈركىي قوۋملار ئىسلام
دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن «قىياپەت ئۆزگەرتىش»
موتىفى ئەۋلىيا ياكى ئەرەنلەرنىڭ كارامىتى سۈپىتىدە چۈ-
شەندۈرۈلۈشكە باشلىدى. مەسىلەن، 6-نومۇرلۇق ئەپسا-
نىدە بۇددىستلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان شاكىر ئىسىملىك
بىر قەھرىمان شېھىت بولغان چاغدا، ئۇنىڭ كۆكسىدە
پەيدا بولغان بىرى ئەركەك، بىرى چىشى كەپتەرنىڭ كۆ-
نىمىزدىكى كەپتەرلەرنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكى بىلدۈرۈل-
دۇ. ئەۋلىيا ۋە ئەرەنلەرنىڭ قىياپەت ئۆزگەرتىشى ئانادو-
لۇ مەنقىبەلىرىدە ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. مەسىلەن،
رەسۇل بابا بەشكارىش دېگەن يەردە ئاۋۋال بۇغىنىڭ،
كېيىن كەپتەرنىڭ سىياقىغا كىرىدۇ. «سالتىقنامە»دە سارى
سالتىقنىڭ دۈشمىنى بولغان جادىلارنىڭ كەپتەر سىياقىدا
بىر قەلئەدە ياشىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. 15-ئەسىردىكى
مەشھۇر سۈپى مۇئەللىپلەردىن بىرى بولغان ئەھمەدى بى-
جانىنىڭ «ئەنۋەرۇل — ئاشىقىن» دېگەن ئەسىرىدە داۋۇت
پەيغەمبەردىن سۆز ئېچىلغاندا، شەيتاننىڭ ئۇنىڭ كۆزىگە
قىممەتلىك تاشلار بىلەن بېزەلگەن بىر ئالتۇن كەپتەر سى-
ياقىدا كۆرۈنگەنلىكى يېزىلغان[29]. «دەدە قورقۇت كىتا-
بى»دا ئەزرائىلنىڭ كەپتەر سىياقىغا كىرگەنلىكى سۆز تېمى-
سى قىلىنغان. شۇڭا كەپتەر مەيلى ئەجايىب خاراكتېرىدە

2015.6

بولسۇن ياكى سەلبىي خاراكتېردە بولسۇن، ئومۇمەن «شەكىل ئۆزگەرتىش» موتىفى ئىچىدە چېلىقىدۇ. غەيرىي، يامان ياكى ياخشى نىيەتلىك، تەبىئەتتىن ھالقىغان مەخلۇقلارنىڭ قۇشقا ئۆزگىرىدىغان ئەھۋاللىرىمۇ مەۋجۇت. جىنلار چۆچەكلەردە كۆپىنچە ئاق كەپتەر، ئاق قۇ ياكى ئىسمى ئېنىق بىلدۈرۈلمىگەن بىر قۇش سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ[30].

كەپتەر بۇركۇت — لاچىندەك يىرتقۇچ ئەمەس، ناھايىتى رايىش بىر قۇش، ئېيتىلىشچە، ئەھمەت يەسەۋىي تەرىپىدىن رۇم دىيارىغا ئەۋەتىلگەن ھاجى بەكتاشى ۋەلى ئانادولۇغا كەپتەرنىڭ سىياقىغا كىرىپ ئۇچۇپ كېلىدۇ، ھاجى بەكتاشى ۋەلى رۇم ئەرەنلىرىگە: «مەن سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا كەپتەر سىياقىدا كەلدىم. مۇبادا تېخىمۇ ئاددىي بىر قىياپەتنى تاپالىغان بولسام، شۇ قىياپەتكە كىرەتتىم» دېگەن شەكىلدە سۆز قىلىدۇ[31].

ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدە كەپتەر ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە سۇتۇق بۇغراخانغا مۇناسىۋەتلىك قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. 4-نومۇرلۇق ئەپسانىدە كەپتەرنىڭ كۇپپارلارنىڭ ھەزرىتى مۇھەممەدنى تۇتۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقىنى، شۇ سەۋەبلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنى ئۇلۇغلىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. 5-نومۇرلۇق ئەپسانىدە بولسا توقچىلىق ۋە بەرىكەت ئېلىپ كېلىدىغان بىر قۇش سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن كەپتەر ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان تۇنجى تۈرك خاقانى سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ مازىرى بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەپسانىدە بارلىق كۆك كەپتەرلەرنىڭ ئەجدادى شۇ دەۋردىكى بىر كەپتەرگە تاقىلىدۇ ۋە كۈنىمىزدىمۇ داۋام قىلىۋاتقان كەپتەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەقىدە-ئېتىقادلار شۇ دەۋردىكى ۋەقەگە باغلىنىدۇ[32]. ماقالىمىزدە بېرىلگەن 8- ۋە 9-نومۇرلۇق ئەپسانىلەردە كەپتەرنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلەرگە قانداق ئېرىشكەنلىكىگە چۈشەنچە بېرىلگەن، بۇ ئەپسانىلەردىمۇ كەپتەرنىڭ دۇرۇس ۋە سادىق بىر قۇش ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن.

قىسقىسى، «نۇھ توپانى» باشقا تۈرك قەبىلىلىرىدىكىگە ئوخشاش، ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ئاغزاكى ئەسەرلىرى ۋە خەلق ئېتىقادلىرىدىمۇ خاس بىر ئورۇنغا ئىگە بولغان. قارلىغاچ ۋە كەپتەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەپسانە ۋە ئەقىدىلەر بولسا نۇھ توپانىنى ئاساس قىلغان. بۇ قۇشلار زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە سۇتۇق بۇغراخان قاتارلىق دىنىي ۋە تارىخىي شەخسلەر بىلەنمۇ ئالاقىدار قىلىپ كۆرسىتىلگەن، بۇ ئارقىلىق بۇ قۇشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەقىدە-ئېتىقادلارنىڭ داۋاملىشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلغان. «بەرىكەت»، «توقچىلىق»، «ساداقەت» ۋە «ۋاپا» قاتارلىق ئۇقۇملارغا تەگداش بولغان قارلىغاچ ۋە كەپتەر ئۇيغۇر خەلق ئېتىقادلىرىدىن ئەقىدىلىرىگە ۋە خەلق تېبابىتى دائىرىسىدىكى پائالىيەتلەردىن ئاغزاكى ئىجادىيەتلەرگە قەدەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئۇلۇغلانغان قۇشلار سۈپىتىدە ئۇچرايدۇ.

**مەتنىلەر**

**1-قارلىغاچ[33].**

كېمە ئىچىدە ئىككى نەرسە يوق ئىكەن، بىرى چاشقان، يەنە بىرى قوڭغۇزخان. لېكىن كېمە ياغىچى ئارىسىدا چاشقان پەيدا بوپتۇ، كېمىنى تېشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كېمىگە سۇ چىقىپ كېتىپتۇ. خالايىقلارغا غەرق بولماق خەۋپى ئايان بوپتۇ، سۇ ئىچىگە نەچچە كىشى شۇڭغۇپ كېمىنىڭ تۆشۈكىنى تاپالماپتۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام: «قايسى جانىۋار تۆشۈكنى تاپسا ئۇنىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى مەن بەجا كەلتۈرەي» دەپتۇ. يىلان: «مەن ئۇ تۆشۈكنى تاپاي» دەپتۇ. «نېمە تەلەپ قىلىسەن؟» دەپتۇ نۇھ. «ماڭا تاتلىق ئەت (گۆش) كېرەك» دەپتۇ يىلان. نۇھ قوبۇل قىپتۇ. يىلان سۇغا كىرىپ تۆشۈكنى تېپىپتۇ. كولچا (ھالقىدەك يۆگىلىپ) بولۇپ يېتىپتۇ. سۇنى كىرگىلى قويماپتۇ، كېمىگە كىرگەن سۇنى تۆكۈپ چىقىرىپتۇ. يىلان توسۇپ تۇرغان تۆشۈكنى مۇم بىلەن بېكىتىپتۇ. كېيىن سۇ سىڭىپ توپان بالاسى يوقالغاندىن كېيىن يىلان كەپتۇ ۋە: «ۋەدە بويىچە كەلدىم» دەپتۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام پاشىغا: «يەر يۈزىگە بارغىن، نېمىنىڭ ئېتى (گۆشى) تاتلىق بولسا، خەۋەر قىل، يىلانغا بېرەيلى» دەپتۇ. پاشا كېتىپتۇ، كەچ قاپتۇ، يىلان يەنە سورۇشتە قىپتۇ، نۇھ ئەلەيھىسسالام شەرمەندە بولۇپ قارلىغاچقا: «بارغىن، پاشىنى تېپىپ كەلگەيسەن» دەپتۇ.

قارلىغاچ بېرىپ پاشىنى تېپىپتۇ ۋە: «نېمە ئۈچۈن كەچ قالدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. «يەر يۈزىنى ئايلىنىپ بولغۇچە كەچ قالدىم» دەپتۇ پاشا. قارلىغاچ: «تاتلىق ئەتنى تاپتىڭمۇ» دەپ سوراپتۇ. «تاپتىم ئادەمنىڭ ئېتىدىن تاتلىقراق ئەت كۆرمىدىم» دەپتۇ پاشا. قارلىغاچ: «ئۇ ئەتنىڭ تەمى ھېلىمۇ ئاغزىڭدا باردۇر، مەن ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەمنى تېتىپ كۆرەيچۇ» — دەپتۇ. پاشا ئاغزىنى ئېچىپتۇ، قارلىغاچ تۇمشۇقى بىلەن بىر چوقۇپتۇ. پاشىنىڭ تىلى ئۈزۈلۈپتۇ، ئىككىسى تالىشىپ نۇھقا كەپتۇ، نۇھ پاشىدىن خەۋەر سوراپتۇ، پاشا قاتتىق-قاتتىق غىڭشىپتۇ.

قارلىغاچتىن سوراپتۇ: «بۇ نېمىشقا سۆزلىمەيدۇ؟» قارلىغاچ: «بۇ ماڭا يولدا خەۋەر بەردى. كەچ قالغىنىغا سىزدىن خىجىل بولۇپ سۆزلىمەيۋاتىدۇ. ئۇ ماڭا، يولدا جىمىكى جانىۋارلارنىڭ ئېتىنى تېتىپ كۆردۈم، قۇرۇ پاقا ئېتىدىن تاتلىقراق ئەت كۆرمىدىم دېدى» دەپتۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام پاقىنىڭ ئېتىنى يىلانغا تەيىن قىپتۇ. قىيامەتكىچە يىلاننىڭ رىزقى پاقىنىڭ ئېتى بوپتۇ. شۇ كۈنى قارلىغاچ ئۇ ياخشىلىقنى قىلمىغان بولسا ئىدى. ئادەمزات ئوغلانلىرى يىلاننىڭ رىزقى بولار ئىكەن.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئادەمزات قارلىغاچنى ئۇلۇغلايدىغان بولغانىكەن.

**2. قارلىغاچنىڭ قۇيرۇقى نېمىشقا ئاچىماق ㉞.**

بۇرۇنقى چاغلاردا يېزىلار تېخى پەيدا بولمىغان چاغدا ئىككى ئائىلە ياشاپتىكەن. بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ بىرىدە بىر جۈپ ئەر-خوتۇن، يەنە بىرىدە بىر مومايلا بار ئىكەن. موماي بۇ ئەر-خوتۇنلاردىن خېلىلا يىراقتا تۇرىدىكەن ئۇ ھەر كۈنى ئەر-خوتۇنلارنىڭكىگە بارىدىكەن. بىر كۈنى موماي ھېلىقى ئەردىن مۇنداق دەپ سوراپتۇ.

— نېمە ياساۋاتىسەن؟

ئۇئەر پەيغەمبەر ئىكەن. ئۇ:

— مانا موما، مەن زور بىر كېمە ياسايمەن، تېز ئارىدا توپان سۈيى كېلىدۇ. ئاشۇ توپان سۈيىدە كېمە بىلەن ئۈزىمىز، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن موماي ھەر كۈنى ئۆچكىسىنىڭ سۈتىنى ئۇلارغا سەدىقە ئورنىدا ئەكىلىپ بېرىدىغان بوپتۇ.

— ئوغلۇم، مېنىمۇ كېمىدىن قالدۇرما، توپان سۈيىدە غەرق بولۇپ ئۆلۈپ قالماي، — دەپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە توپان سۈيى كېلىپتۇ. نۇھ پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ جامائىتى بىلەن كېمىسىگە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا ھەر بىر جان-جانىۋارنى جۈپتى بىلەن ئېلىۋاپتۇ. قالداقلىكى جان ئىگىسى بولۇشتىن قەتئىينەزەر كېمىسىگە چىقىرىپ ئۈزۈپ كېتىپتۇ. ئۈزۈۋاتقاندا بىر چاشقان كېمىنى تېشىپتۇ-دە، كېمىگە سۇ كىرىشكە باشلاپتۇ. يىلان سۇ كىرمىسۇن، دەپ شۇ تۆشۈككە تۇخۇم تۇغۇپ يېتىپتۇ، يېتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن نۇھ پەيغەمبەردىن ئوزۇقلۇق سوراپتۇ.

— نېمىنى خالايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ نۇھ پەيغەمبەر.

— قانداق قان تاتلىق بولسا، شۇنى سورايتتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىلان، شۇنىڭدىن كېيىن نۇھ پەيغەمبەر ئالا قاغىنى ئەۋەتىپتۇ.

— ھەر بىر جان ئىگىسىنىڭ قېنىنى تېتىپ باق، قايسىسىنىڭ قېنى تاتلىقراق ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەل، — دەپتۇ. قاغا كېتىپتۇ، — بىر ئۆلگەن قوينى كۆرۈپ شۇنى يېيىشكە باشلاپتۇ. ئايلىنىپ قايتماپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن پاشىنى ئەۋەتىپتۇ، پاشا قاننى تېتىپ كۆرۈش ئۈچۈن كېتىپتۇ، ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، «بۇمۇ قايتمىدى» دەپ قارلىغاچقا:

— سەن بار، — دەپتۇ. قارلىغاچ ئۇچۇپ كېتىپتۇ، قارلىغاچ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، پاشىنىڭ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ-دە:

— تېتىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قارلىغاچ پاشىدىن،

— نېمىنىڭ قېنى تاتلىق ئىكەن.

— پۈتۈن قانلارنى تېتىپ چىقتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پاشا، — ئادەم قېنىدىن تاتلىق قاننى تاپالمىدىم.

— قېنى، تاتلىق بولسا تىلىڭدا تەمى قالدۇ، مەنمۇ تېتىپ باقايچۇ، — دەپتۇ قارلىغاچ.

پاشا ئاغزىنى ئېچىپ، تىلىنى چىقارغانىكەن، قارلىغاچ تىلىنىڭ بىر پارچىسىنى چوقۇۋاپتۇ. ئۇلار بىللە قايتىپتۇ، قايتىۋاتقاندا قاغىنىڭ بىر ئۆلۈكنى يەۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرۈپتۇ. قايتقاندىن كېيىن نۇھ پەيغەمبەر پاشىدىن سوراپتۇ.

— تېتىدىڭمۇ؟

— بىز-بىز-بىز.

ئۇنىڭ تىلىنى قارلىغاچ چوقۇۋالغاچقا پاشا گەپ قىلالماپتۇ.

— ئۇ ئىزا تارتقانلىقتىن ئېيتالمىدى. يولدا ماڭا ئېيتقاندى پاقىنىڭ قېنىدىنمۇ تاتلىق قاننى ئۇچرىتالمىدىم دەپ، — قارلىغاچ شۇنداق دېگەنىكەن، يىلان ئاچچىقىدىن قارلىغاچقا ئېتىلىپ، قۇيرۇقىنى ئاغزى بىلەن ئۈزۈۋاپتۇ، شۇڭلاشقا قارلىغاچنىڭ قۇيرۇقى ئايرىلىپ ئاچىماق بولۇپ قالغان دېيىشىدۇ.

نۇھ پەيغەمبەر يىلانغا پاقىنىڭ گۆشىنى يېيىشكە دۇئا قىپتۇ. يەر قۇرۇغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قىشلىقىغا قايتىپتۇ. موماي ئۇلارنىڭ قايتقانلىقىنى ئاڭلاپ كەپتۇ.

— سەن نەدە يۈردۈڭ؟ مەن ھەر كۈنى سۈت ئېلىپ كەلگەنىدىم، سەن زادىلا كۆرۈنمىدىڭ، — دەپتۇ.

— ھەي موما، موما! ئالتە يىل ئىچىدە پۈتۈنلەي كېمە بىلەن يۈردۇق. توپان سۈيى كەلدى ئەمەسمۇ.

— مېنىڭ ئۆچكەمنىڭ پۇتلىرى ھۆل بولۇپ قېلىشى شۇنىڭدىن ئىكەندە، توپان سۈيى دېگىنىڭ شۇلىمۇ؟ — دەپتۇ موماي، ئەسلىدە، موماي بەرگەن سەدىقىسى ئۇنى توپان سۈيىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىكەن.

**3- توپان بالاسى ھەققىدە ㉟.**

ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىق ئىشلىرى سەۋەبىدىن يەر يۈزىنى توپان بالاسى بىلەن ۋەيران قىلىش ئالدىدا، نۇھ ئەلەيھىسسالامغا بىر كېمە ياساپ، پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن شۇ كېمىگە چىقىۋېلىش ۋە ھەر جىنستىكى ھايۋانلاردىن بىر جۈپتىن ئېلىۋېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ. نەتىجىدە يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ھاياتلىق توپان سۈيىدە ھالاك بولۇپ، پەقەت نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسى بىلەن كېمىگە چىقىرىۋېلىنغان جان- جانىۋارلار ئامان قاپتۇ. 150 كۈنلۈك توپان بالاسىدىن كېيىن، نۇھ بىر كەپتەرنى قويۇپ بېرىپتۇ. كەپتەر بىر تال يېڭى زەيتۇن شېخىنى چىشلەپ قايتىپ كەپتۇ. نۇھ توپان بالاسى ئاخىرلىشىپ، جاھان تىنچلانغانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە ئارارات تېغىدا قىرغاققا چىقىپتۇ، يەر يۈزىدىكى 2- قېتىملىق ھاياتلىق باشلىنىپتۇ.

**4- دەمدەرنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ㊱.**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىن مەككىگە قايتىشىدا بىر تۈمەن كۇپپارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپتۇ. كۇپپارلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تىرىك تۇتۇش كويىغا چۈشۈپ قورشىۋاپتۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۇپپارلارنىڭ قورشاۋىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، شۇ يەردىكى بىر تاغ ئۆڭكۈرىگە كىرىپ پاناھلىنىپتۇ. كۇپپارلار تاغنى ئاختۇرۇشقا كىرىشىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يوشۇرۇنۇۋالغان ھېلىقى ئۆڭكۈر ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ، بۇ تاغدا كەپتەرلەر ئىنتايىن كۆپ ئىكەن، كۇپپارلار ئۆڭكۈرگە يېقىنلىششىغا تاغدىكى كەپتەرلەر «مالتىلغۇلۇق- مالتىلغۇلۇق» دەپ ئۈنلىگىنى تۇرۇپتۇ. كۇپپارلاردىن بىرى:

— مۇھەممەد چوقۇم مۇشۇ ئۆڭكۈردە ئىكەن، كەپتەرلەر «مالتىلغۇلۇق- مالتىلغۇلۇق» دەپ بېشارەت بېرىۋاتىدۇ، — دەپتىكەن. كۇپپارلار ئۆڭكۈر ئىچىنى ئاختۇرۇشقا تەمشىلىپتۇ. دەل شۇ چاغدا كەپتەرلەر ئارىسىدىكى دەمدەر «بوق- بوق- بوق، يوق- يوق- يوق» دەپ ئۈنلەشكە باشلاپتۇ. كۇپپارلار بۇنى ئاڭلاپ:

— بىكار ئاۋارە بولمايلى، ئاۋۇ دەمدەر «يوق، يوق» دەپ سايراۋاتىدۇ، مۇھەممەد ئۆڭكۈردە يوق ئىكەن، — دېيىشىپ ئۆڭكۈرگە كىرمەي باشقا جايغا يۈرۈپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۇپپارلارنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ، شۇنىڭدىن تارتىپ ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغانلار ئىچىدە دەمدەرنى ئۇلۇغلايدىغان ئادەت شەكىللەنگەنىكەن.

**5- سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ㊲.**

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىنىڭ ئورنى ئەسلىدە بىر دېھقاننىڭ خامىنىنىڭ ئورنى ئىكەنمىش. بىر كۈنى ئۇ دېھقان بۇغدايىنى چەشلەپ قويۇپ، ئەتىسى سەھەردە چەشنىڭ بورنىنى ئېلىپ سائىللارغا ئاتاپ خامانىنىڭ بىر چېتىگە تۆكۈپ قويۇپ، غەلۋىر بىلەن تاغارلىرىغا قاچىلاشقا باشلاپتۇ. چۈشكىچە نەچچە ئون تاغار قاچىلىسىمۇ چەش يەنە شۇ پېتى تۇرغۇدەك. دېھقان ھېرىپ- چارچاپ شۇنداق ئاسمانغا قارىسا، مومىنىڭ ئۇچىغا بىر دانە كۆك كەپتەر قونۇۋېلىپ، ھەدەپ بوغۇزىدىن ئالتۇندەك ساپسېرىق بۇغدايىنى شارىلدىتىپ ياندۇرۇۋاتقانىكەن. دېھقان «ھۇشت !» دەپ كەپتەرنى ئۇچۇرۇۋېتىپ، چەشنى تاغارلىرىغا قاچىلاپ تۇرسا، كىشىلەر: «ئۆزۈڭگە كەلگەن ئامەتنى بىلمىدىڭ» دەپ ئەيىبلەپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ يەر خاسىيەتلىك يەر دەپ ئاتىلىپ، يىراق- يېقىندىكى كىشىلەر تېۋىنىدىغان، سەيلە- زىيارەت قىلىدىغان، چوقۇنىدىغان يەرگە ئايلىنىپتۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋاپات بولغاندا ئەنە شۇ خاسىيەتلىك يەرگە دەپنە قىلىنىپ، بۇ يەرنىڭ نامى تېخىمۇ چىقىپ كېتىپتۇ. ھازىرقى كۆك كەپتەرنىڭ ئەجدادى ئەنە شۇ كۆك كەپتەر ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كۆك كەپتەرلەرنى تۇتسا، قوغلىسا يامان بولارمىش. ئۆركۈتمەي، ئاسراپ، دان چېچىپ، سۇ بېرىپ ھالىدىن خەۋەر ئالسا ساۋاب بولىدىكەن. بىر رىۋايەتتە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانىنى كۆرگەن كۆك كەپتەر ھازىرمۇ بار ئىكەن. ھەر جۈمە كۈنى تاڭ سەھەردە مازارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۈستىگە چىقىپ بۇقۇلداپ ئۈنلەپ نالە قىلىدىكەن.

**6 ـ قۇمات پاششىم مازىرى ㊳ .**

قۇمات پاششىم قاراقاش ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 30 كىلومېتىر كېلىدىغان قۇملۇقتا جايلاشقان بولۇپ، ئۇيغۇرلار بۇ يەرنى «كەپەرلىك مازار» دەپمۇ ئاتايدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇرۇن بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان ياۋا كەپتەرلەر بولۇپ، دائىم كىشىلەرگە يول باشلايدىكەن. كەپتەرلەر مازارلىقتىن ئۇچقانچە يولۇچىلارغا يول باشلاپ، ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى زاۋا بوستانلىقىغا ئېلىپ كېلىدىكەن، ئۇز ۋاقتىدا كىشىلەر بۇ كەپتەرلەرنى خاسىيەتلىك كەپتەرلەر دەپ قاراپ كەلگەنىكەن، ھازىر بۇ كەپتەر قۇملۇق ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان بولۇپ، كىشىلەر ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىچىدە قۇمات پاششىم (كەپتەرخانا) ھەققىدە ئاجايىپ سىرلىق رىۋايەتلەر تارقىلىپ يۈرمەكتە. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنى قەشقەرگە تارقالغان بولۇپ، قەشقەر قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان. مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى قاراخانىلار قوشۇنلىرى يېڭىسارىدا ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن قوشۇنلىرىنى يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇدۇنغا باستۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇدۇن قوشۇنلىرى قۇمات پاششىمدا پىستىرما لەشكەر ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شاكىر باشلامچىلىقىدىكى ئىسلام قوشۇنلىرى پىستىرمىغا ئۇچراپ قېلىپ، تەييارلىقسىزلا ئۇشتۇمتۇت جەڭگە ئاتلىنىدۇ. نەتىجىدە مەغلۇپ بولىدۇ، پۈتۈن قوشۇن ھالاك بولىدۇ. شاكىر ئۇياققا دوقۇرۇپ، بۇياققا دوقۇرۇپ، ھېچقانداق قىلىپ جېنىنى ئېلىپ قاچالماي، ئاخىر يارىلىنىپ ئاتتىن غۇلاپ چۈشىدۇ. شاكىر ئۇدۇن قوشۇنلىرىغا ئەسىر بولۇشنى خالىماي، ئۆز قورسىقىغا قىلىچ تىقىپ ئۆلۈپ، قاراخانىلار سۇلالىسىگە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. قىلىچنىڭ يەرگە چۈشۈپ كېتىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ يۈرىكىدىن بىر چىشى، بىر ئەركەك كەپتەر ئۇچۇپ چىقىپ، كېچە ـ كۈندۈز شاكىر شېھىت بولغان جاينى ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرگەنىكەن.

مىلادىيە 1006 ـ يىلى ئىسلام قوشۇنلىرى ئۇدۇنغا باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنى ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، شاكىرنىڭ روھىغا ئاتاپ ماتەم ئۆتكۈزۈپ، شاكىر بىلەن سېھىرلىك كەپتەر ئۇچۇن قۇمات پاششىم دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مازارنى ياسىغان ھەمدە شۇ جايغا بىر دانە قۇدۇق كولاپ قويغان، شاكىرنىڭ قەبرىسىنى دائىم يوقلاپ تۇرغان، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندىمۇ يولۇچىلار بۇ يەردىن ئۆتكەندە چوقۇم بۇ مازارغا تاۋاپ قىلىش ۋە سېھىرلىك كەپتەرلەرگە دان ۋە سۇ بېرىپ ئۆتۈش ئادەتكە ئايلانغان، رىۋايەت قىلىنىشىچە، قۇمات پاششىم مازىرىدىكى خاسىيەتلىك كەپتەرلەر كۆندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ، نەچچە يۈز يىلغىچە ئاۋۇغانىكەن.

**7 ـ كەپتەر بىلەن قاغا ㊴ .**

ئىلگىرى پۈتۈن جاھاننى سۇ بېسىپ كېتىپ، پەقەت نۇھ ئەلەيھىسسالاملا كېمىسى بىلەن سۇنىڭ ئۈستىدە قاپتۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام ناھايىتى كۆپ ۋاقىت سۇ ئۈستىدە يۈرۈپ، ئاخىر بىرەر قۇرۇق يەر تېپىپ تىرىكچىلىك قىلماقچى بوپتۇ ۋە كەپتەر بىلەن قاغىنى تىرىكچىلىك قىلغۇدەك قۇرۇق يەر بار ـ يوقلۇقىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۇ يەر يۈزىگە سىڭىپ كېتىپتۇ. قاغا شۇ ئۇچقانچە بىر نەچچە كۈن ئۇچۇپلا بىر ئەخلەتلىككە چۈشۈپ شەخسىي تىرىكچىلىككە بېرىلىپ كېتىپتۇ. كەپتەر بولسا كېچە ـ كۈندۈز جاپا چېكىپ، جاھاننى بىر چۆرگىلەپ چىقىپ، ئاخىر بىر سېرىق تۇپراقلىق يەرنى تېپىپ يەرگە چۈشۈپ كۆرۈپتۇ. كەپتەر يەرگە چۈشۈشى بىلەن ئىككى پۇتى سېرىق تۇپراققا پېتىپ قاپتۇ ۋە ئۇ يەردىن ئۇچۇپ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ كۆرگەنلىرىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كەپتەرنىڭ ئىككى پۇتى سېرىق بولۇپ قالغانىكەن.

قاغا بولسا ئۆزىنىڭ غېمى بىلەن قايتىپ كەلمەپتۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام كەپتەرگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسىنىڭ زىيىنى يەتمەسلىكى، قورسىقى توق تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن دۇئا قىپتۇ، قاغىنى بولسا نىجاسەت چوقۇلاپ ياشىغايسەن، دەپ قارغاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن كەپتەر ئۆتكەن كۈنگە شۈكۈر قىلىپ، خۇداغا زىكرى قىلىپ، تۇرمۇشنى ياخشى ئۆتكۈزۈپتۇ. قاغا بولسا قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىدا تاغمۇ تاغ يۈرۈپ، ئىنتايىن خارچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ ئاچ كۆزلۈك قىلىپ، نىجاسەت چوقۇپ يۈرگەنلىكتىن، ئۇنىڭ گۆشىنى ئىتمۇ يېمەيدىكەن.

**8 ـ كەپتەر نېمىشقا توختىماي بۇقۇلدايدۇ ㊵ .**

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كەپتەر ئۆز ئۇۋىسىدا يېڭى چىقارغان ئون دانە تۇخۇمنى بېسىپ ياتقانىكەن، بىر مېكىيان

كېلىپ:

— تۇخۇمدىن نەچچىنى بېسىپ ياتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئون تۇخۇم چىقارغانىدىم، شۇنى بېسىپ يېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ كەپتەر.

مېنىڭ يوغان ئىككى تۇخۇمۇمغا ئۇششاق ئون تۇخۇمۇڭنى تېگىشەمسەن؟ — دەپتۇ مېكىيان.

كەپتەر دەسلەپ ئۇنىماپتۇ. كېيىن ماقۇل بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئىككىسى ئۆز تۇخۇملىرىنى تېگىشىپتۇ. كېيىن كەپتەر ئۆزىنىڭ مېكىياننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەنلىكىنى سېزىپ قاپتۇ. چۈنكى مېكىياننىڭ ئىككى تۇخۇمى چوڭ بولغان بىلەن ئۇنى باسسا ئىككىلا چۈجە چىقىپتۇ. بىراق مېكىيان ئون كەپتەرگە ئىگە بولۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەپتەر يىغلاشقا باشلاپتۇ، ئۇ تاكى مۇشۇ كۈنگىچە توختىماي بۇغۇلدايدىكەن. ئۇنىڭ «بۇغ-بۇغ-بۇغ» قىلغىنى «ئون تۇخۇمنى قايتۇرۇپ بەر، مەن ياۋاشنى ئالداپ كېتىپسەن، قايتۇرۇپ بەر، قايتۇرۇپ بەر!» دېگىنىمىش.

## 9-كەپتەرنىڭ كۆزى نېمىشقا قىزىل ㊶.

بۇرۇنقى زاماندا بىر سېغىزخان بىلەن بىر كەپتەر كۈننىڭ قاياقتىن چىقىشىنى مۇنازىرە قىلىشىپ ئۆزئارا بەسلىشىپتۇ. كەپتەر بولسا:

— كۈن ئەتىگەندە شەرقتىن چىقىدۇ، — دەپتۇ.

سېغىزخان:

— كۈن غەربتىن چىقىدۇ، — دەپتۇ.

ئۇلار ناھايىتى ئۇزاق مۇنازىرە قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى قايىل بولماي ئۆزىنىڭ سۆزىنى راست قىلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. ئاخىر ئۇلار كۈننىڭ زادى قاياقتىن چىقىدىغانلىقىنى ئېنىقلىماقچى بولۇشۇپتۇ-دە، نۇرغۇن ھايۋانلار بىلەن تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە سېغىزخان ئۆزىنىڭ يېڭىلىپ قالىدىغانلىقىنى سېزىپتۇ، ئۇ قانتىنىڭ ئاستىغا ئازراق قىزىل مۇچ تىقىۋالغانىكەن، تاڭ ئاتاي دېگەندە كۈننىڭ شەرقتىن چىقىدىغانلىقىنى سېزىپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا كۈلكىگە قېلىشتىن ئەنسىرەپ، كەپتەرنىڭ كۆزىگە قىزىل مۇچ چېچىۋېتىپتۇ، ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ كەپتەرنىڭ كۆزى قىزىل بولۇپ قالغانىكەن.

**ئىزاھلار:**

① بۇ ھەقتە م. ئېلىئادېنىڭ «شامانىزم» (ئىسمەت بىر قان تەرجىمىسى) دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن، ئىمگە نەشرىياتى، ئەنقەرە 1999-يىلى، 116-، 188~186-بەتلەر. ل. پ. پوتاپوف: «ئالتاي شامانىزمى» (مەتىن ئەرگۈن تەرجىمىسى)، كۆمەن نەشرىياتى، كونيا 2012-يىلى، 202-بەت. ئادەم ئۆگەر، تۇغبا گۆنەل: «ئۇيغۇر تۈركلىرى ئارىسىدا شامانلار ۋە ئۇلارنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرى»، «تۈركلولوگىيە تەتقىقاتى» 6/4-سان، 233~248-بەتلەر.

② بۇ تېمىدىكى تەپسىلىي مەلۇماتلار ئۈچۈن راشىدىن فازلۇللاھنىڭ «جامىئۇتتەۋارىخ-سەلجۇقلار دۆلىتى» (پارسچىدىن ئەركان گۆكسۇ، ھ. ھۈسەيىن گۈنەش تەرجىمە قىلغان) دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن. سېلىنگې نەشرىياتى، ئىستانبول 2010-يىلى.

③ ھاسان ئەرەن: «تۈرك تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيەلىك لۇغىتى»، بىزىم بۈرو نەشرىياتى، 2-نەشرى، ئەنقەرە 1999-يىلى، 238-بەت.

④ ھاسان ئەرەن: يۇقىرىقى ئەسەر، 238-بەت.

⑤ ھەببە تۇرسۇننىياز: «ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۇغۇت ئادەتلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى (نەشر قىلىنمىغان ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى)، ئۈرۈمچى 2007-يىلى، 16-، 18-بەتلەر. ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى» (سۆنەر يالچىن قاتارلىقلار تۈركچىگە ئاغدۇرغان)، كۈلتۈر مىنىستىرلىقى نەشرىياتى، ئەنقەرە 1996-يىلى، 153-بەت، ئابدۇكېرىم راخمان قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 1996-يىلى.

⑥ مەھمەت ئاچا: «توپان قۇشلىرى ۋە قوزى كۆرپەش-بايان سۇلۇ داستانلىرىدىكى بەزى قۇشلار»، «مىللىي فولكلور»، « 1999-يىلى، 42-سان، 54-بەت.

⑦مەھمەت ئاچا: يۇقىرىقى ئەسەر، 4-، 55-بەتلەر.

⑧ ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىنىڭ بىرىدە تۇرپان شەھىرى بىلەن نۇھ توپانى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «توپان بالاسى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ دۇنيانىڭ مەلۇم جايلىرىدا توپان بالاسىنىڭ سۇلىرى قېپقالغانمىش. شۇنداق جايلارنىڭ بىرى بولغان تۇرپان ئويمانلىقىدىكى سۇ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا-بارا ئازلاپ، خاسىيەتلىك ئايدىڭ كۆلنى ھاسىل قىلغانمىش. بۇ كۆلنىڭ سۈيى كۆپەيسە كۆپىيىپتۇكى، ئازلاپ كەتمەي ھازىرقى ھالەتتىكىدەك تۇرغاچقا، خېلى ئۇزاق دەۋرگىچە كىشىلەر بۇ كۆلنىڭ سۈيى توپان بالاسىدىن قېپقالغان سۇ دەپ قاراپ، بۇ دىيارنى «توپانلىق» دېگەن نام بىلەن ئاتاشقانىكەن. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «توپان» سۆزى «تۇرپان» دېگەنگە ئۆزگىرىپ قالغانىكەن. «ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە-رىۋايەتلىرى» (كۆك گۈمبەز) دېگەن كىتابقا قارالسۇن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىلى، 37-بەت.

⑨ ل. سامى ئاكالىن: «تۈرك فولكلورىدا قۇشلار»، كۈلتۈر مىنىستىرلىقى خەلق كۈلتۈرىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئومۇمىي مۇدىرلىقى نەشرىياتى، ئەنقەرە 1993-يىلى، 106-بەت.

⑩ پېرتېۋ. ن. بوراتاۋ: «تۈرك مىتولوژىسى، ئانادولۇ، ئەزەربەيجان ۋە تۈركمەنىستان تۈركلىرىنىڭ مىتولوژىسى»، بىلگەسۇ نەشرىياتى، ئەنقەرە 2012-يىلى، 101-بەت.

⑪ مەتىن ئەرگۈن: «تۈرك ئەپسانىلىرىدە ئۆزگىرىش موتىفى»، سەلجۇق ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى، كونيا 1993-يىلى، 811-بەت.

⑫ يوسىف كەمبىل: «ئىپتىدائىي مىفولوگىيە — تەڭرىنىڭ نىقابلىرى» (قۇدرەت ئەمىرئوغلۇ تەرجىمىسى)، ئىمگە نەشرىياتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەنقەرە 1993 - يىلى، 466 - بەت.

⑬ باھائىددىن ئۆگەل: «تۈرك متولوژىسى» (مەنبەلەر ۋە ئىزاھلىرى بىلەن بىرلىكتە داستانلار)، تۈرك تارىخ قۇرۇمى نەشرىياتى، ئەنقەرە 1993 - يىلى، 466 - بەت.

⑭ ھەببە تۇرسۇننىياز: يۇقىرىقى ئەسەر، 21 - ، 26 - بەتلەر.

⑮ «ئەزائىم دۇئاسى»نىڭ ئۇيغۇر تۈركچىسىدىكى مەتنى ئۈچۈن راخمان ئابدۇرەھىمنىڭ «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2006 - يىلى، 208 - ، 200 - بەتلەر.

«ئەزائىم دۇئاسى»نىڭ تۈركىيە تۈركچىسىگە ئۆرۈلگەن ۋە تەتقىق قىلىنغان مەتنى ئۈچۈن ئا. ئىنايەت ئوغلۇنىڭ «بۈگۈنكى ئۇيغۇر شامانلىق ۋە بىر شامان دۇئاسى — ئەزائىم قوشىقى» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن، «فولكلور ژۇرنىلى» ، 1 - ، 2 - سان، 2009 - يىلى 38 - ، 55 - بەتلەر.

⑯ راخمان ئابدۇرېھىم: يۇقىرىقى ئەسەر، 245 - ، 247 - بەتلەر.

⑰ راخمان ئابدۇرېھىم: يۇقىرىقى ئەسەر، 267 - ، 268 - بەتلەر.

⑱ ياللۇغلىنىش، زەخىملىنىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كۆزنىڭ نۇر سۇندۇرغۇچ قەۋىتىدە شەكىللەنگەن كېسەللىك ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن چاغدا پەيدا بولغان، بولۇپمۇ كۆز قارىچۇقىغا چۈشسە بىئارام قىلىدىغان ئاق سەدەپ داغلار «كۆزگە مېھمان كەلدى»، «كۆزگە چۈشكەن داغ»، «كۆزگە تور چۈشۈش» دېگەن ئىبارىلەر بىلەن ئاتىلىدۇ. ئالى ھايدار بايات: «ئانادولۇ تېببىي فولكلورىدا كۆز كېسەللىكلىرى»، « 6 - قېتىملىق خەلقئارا تۈرك خەلق كۈلتۈرى كونگرېسى بىلدۈرگۈلىرى — ئەنئەنە ۋە ئېتىقادلار»، مەدەنىيەت مىنىسترلىقى نەشرىياتى، 1992 - يىلى.

⑲ گۈلۈنچەك — ئانودولۇدا ئۆسىدىغان ۋە گۈلى ئېچىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.

⑳ ئالى ھايدار بايات: يۇقىرىقى ئەسەر، 45 - بەت.

㉑ ئالى ھايدار بايات: يۇقىرىقى ئەسەر، 51 - بەت.

㉒ ئالى ھايدار بايات: يۇقىرىقى ئەسەر، 51 - بەت.

㉓ ھاسان ئەرەن: يۇقىرىقى ئەسەر، 168 - بەت.

㉔ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 1999 - يىلى، 876 - بەت.

㉕ ئابدۇكېرىم راخمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى»، 154 - ، 156 - بەتلەر.

㉖ ئابدۇلقادىر ئىنان: «تارىختا ۋە بۈگۈن شامانىزم» (ماتېرىياللار ۋە تەتقىقاتلار)، تۈرك تارىخ قۇرۇمى نەشرىياتى، ئەنقەرە 2006 - يىلى، 22 - بەت.

㉗ مەھمەت ئاچا: يۇقىرىقى ئەسەر، 54 - بەت.

㉘ شەكىل ئۆزگەرتىش تېمىسىدا مەتىن ئەرگۈننىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىگە قاراڭ، I - II ، ئەنقەرە، 1997 - يىلى، مۇرات دەمىر: «تۈرك داستان ۋە ھېكايىلىرىدە قىياپەت ئۆزگەرتىش»، «بىلىم ۋە كۈلتۈر — خەلقئارا كۈلتۈر تەتقىقاتلىرى ژۇرنىلى»، 2013 - يىلى، 4 - سان، 123 - ، 132 - بەتلەر.

㉙ ئا. ياشار ئوجاك: «ئالەۋى ۋە بەكتاشى ئېتىقادلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئاساسلىرى — بەكتاشى مەناقىبنامەلىرىدە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئېتىقاد موتىفلىرى»، ئىلەتىشىم نەشرىياتى، ئىستانبول، 2002 - يىلى، 220~221 - بەتلەر.

㉚ پېرتېۋ. ن. بۇراتوۋ: يۇقىرىقى ئەسەر، 102 - بەت.

㉛ ئىرەنە مەلىكوف: «ئۇيۇر ئىدىق ئۇياردىلار» (تۇران ئالپ تېكىن تەرجىمىسى)، جەم نەشرىياتى، ئىستانبول 1994 - يىلى، 159 - ، 160 - بەتلەر

㉜ سۇتۇق بۇغراخان ھەققىدە كەڭ مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئادەم ئۆگەرنىڭ «ئۇيغۇر تۈركلىرى ئارىسىدا سۇتۇق بۇغراخان» دېگەن ئەسەرگە قارالسۇن، «پىروفېسسور، دوكتور فىكرەت تۈركمەن كىتابى»، ئەگە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، ئىزمىر 2012 - يىلى، 589 - ، 611 - بەتلەر.

㉝ ئابدۇكېرىم راخمان: «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 1999 - يىلى، 120 - ، 121 - بەت.

㉞ «بۇلاق»، ئۈرۈمچى 1990 - يىلى، 1 - سان، 175 - ، 176 - بەتلەر.

㉟ ئابدۇكېرىم راخمان: يۇقىرىقى ئەسەر، 122 - بەت.

㊱ «ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرى» (كۆك گۈمبەز)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 2006 - يىلى، 258 - ، 259 - بەتلەر.

㊲ «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (نام - ئاتاقلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر)، 2 - قىسىم، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 1998 - يىلى، 167 - ، 168 - بەتلەر.

㊳ «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (نام - ئاتاقلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر)، 2 - قىسىم، 169 - ، 170 - بەتلەر.

㊴ «ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرى» (كۆك گۈمبەز)، 236 - ، 237 - بەتلەر.

㊵ ئەھەت ھاشىم: «ھايۋانات ھەققىدە قىزىقارلىق ئەپسانىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 1992 - يىلى، 101 - بەت.

㊶ «ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرى» (كۆك گۈمبەز)، 260 - بەت.

مەنقىبە — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مۇنداق ئىككى خىل مەنىدە چۈشىنىلىدۇ. بىرى، دىنىي زاتلارنىڭ ياكى تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھاياتى ۋە پەۋقۇلئاددە ھەرىكەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەرنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىرى، پەۋقۇلئاددە ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. - ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچىدىن.

مەناقىبنامە — مەنقىبەلەرنى تېما قىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. — ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچىدىن.

(ئاپتور: تۈركىيە نەۋ شەھىر ھاجى بىكتاش ۋەلى ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى ئەزاسى)

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **يۈسۈپجان ياسىن** (ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ پېنسىيونېرى)

015



# ئۇيغۇرلاردا بېدىكچىلىك

**مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن**

ئۇيغۇر تىلىدا بېدىك دېگەن بىر سۆز بار. بۇ سۆز ئادەتتە كېلىشتۈرگۈچى، ئۇچراشتۇرغۇچى، ۋاسىتىچى، سالاچى، ئەلچى دېگەن مەنىلەردە ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ سۆز جۈملە ئىچىدە كەلگەندە بەزىدە ئىجابىي مەنىدە كەلسە، بەزىدە سەلبىي مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلاردا بېدىكچىلىك ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن. بازارنى جانلاندۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ئالاھىدە رولى بولغان مۇكەممەل بىر كەسىپ ھېسابلىنىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئېلىم-سېتىم ئىشلىرىدا ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچىنى باھادا كېلىشتۈرۈپ قويۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئارىدىن مەلۇم نىسبەتتە پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلغان بىرخىل كەسىپ ھېسابلىنىدۇ.

ئېلىم-سېتىم، ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە بېدىكلەر بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى بېدىكچىلىك كۆپرەك ئېلىم-سېتىم ئىشلىرىدا كەسپلەشكەن. ئۇلارسىز بازارلاردا ئېلىم-سېتىم ئىشلىرى ياخشى يۈرۈشمەيدۇ. بازار قىزىمايدۇ. ئۇلار بازار باھاسىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ. ئۇلار سودا قىلىشقا ناھايىتى پىششىق، ئىنتايىن سۆزمەن، سەزگۈر، كۆزىتىش ئىقتىدارى يۇقىرى، قارشى تەرەپنىڭ پسىخىكىسىنى ئىگىلەشكە ماھىر، ھەرىكىتى چاققان كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بېدىكچىلىك ئۇسۇللىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. چارۋا-مال بازىرىدىكى بېدىكلەرنىڭ پائالىيىتى ئەڭ جانلىق. ئۇلار باشقىلار بىلەن بىۋاسىتە ئېلىم-سېتىم قىلمايدۇ. پەقەت مال سېتىۋالغۇچى بىلەن مال ساتقۇچىنى باھادا كېلىشتۈرۈپ قويىدۇ. بېدىك ئىككى تەرەپنىڭ روھىي ھالىتى، مالغا بولغان قىزىقىش ھېسسىياتىنى ئوبدان ئىگىلىگەندىن كېيىن، مالنىڭ بىرەر يېتەرسىزلىكىنى تۇتقا قىلىۋېلىپ مالغا تۆۋەن باھا قويىدۇ. سېتىۋالغۇچىغا مالنىڭ مەلۇم ئارتۇقچىلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ماختاپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا تىرىشىدۇ. ئۇلارنى مالغا قىزىقتۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككى تەرەپنىڭ پسىخىكىسىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇلارنى كېلىشتۈرىدۇ. سودا پۈتكەندە مال ساتقۇچمۇ،
سېتىۋالغۇچىمۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەجرىگە
لايىق مۇۋاپىق ھەق بېرىدۇ. بەزىدە مال ساتقۇچى ياكى
سېتىۋالغۇچى مال ئېلىپ بېرىشنى ياكى سېتىپ بېرىشنى
ئالدىن ھاۋالە قىلىدۇ. ناۋادا مال ئىگىسى بېدىكلەرگە
ئالدىن مالنى سېتىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان بولسا مال سې-
تىلغاندىن كېيىن بېدىككە بېرىدىغان چاي پۇلنى مال ئى-
گىسى بېرىدۇ. ناۋادا مال سېتىۋالغۇچى بېدىككە ئالدىن
مال ئېلىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان بولسا چاي پۇلنى مال
سېتىۋالغۇچى تەرەپ بېرىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر دائىم سودا-
سېتىق بىلەن شۇغۇللانمىغان بولغاچقا بەزىلەر بازار ئەھۋا-
لىنى تولۇق چۈشەنمەيدۇ. بەزىسى گەپ سۆزگە ناقىس،
ياۋاش، تارتىنچاق، سودىغا ئېپى يوق كېلىدۇ. مۇشۇنداق
بولغاچقا سودا-سېتىق ئىشلىرىدا بېدىكلەرنىڭ رولى ناھا-
يىتى چوڭ بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى بېدىكچىلىك ئەڭ بۇرۇن دەڭ،
ساراي، ئۆتەڭلەردە پەيدا بولغان. يىپەك يولىدىكى سودا
كارۋانلىرى ماللىرىنى دەڭ، سارايلاردا قويۇپ تۇرۇپ
سودا قىلغان. سېتىپ بولالمىغانلىرىنى سارايۋەنلەرگە ياكى
مەلۇم كىشىگە سېتىپ قويۇشقا ھاۋالە قىلغان. ئۇلار ۋاكالە-
تەن سېتىپ قويغان. بۇنىڭ ئۈچۈن سودىگەرلەر مال
سېتىپ بەرگۈچىگە مەلۇم ئىش ھەققى بەرگەن. بۇ ھەقتە
ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت
تۈرك»تە مۇنداق ئۇچۇر بەرگەن. «پىستە: ئۆيگە
چۈشكەن سودىگەرلەرنى كۈتىدۇ. سودىگەرلەر كېتەر ۋاق-
تىدا خىزمەت ھەققى ئۈچۈن 20 قوي ھېسابىغا بىر قوي
ئالىدۇ. (3-توم، 96-بەت).

بېدىكلەر باھادا ھەرگىز تېز ئۆرلىمەيدۇ. ئىككى تە-
رەپنىڭ پىسخىكىسىغا قاراپ تۇرۇپ ساتقۇچىدىن باھانى
ئازراق چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلسا، سېتىۋالغۇچىدىن باھادا
ئازراق ئۆرلىشنى تەلەپ قىلىپ ئۇلارنى كېلىشتۈرىدۇ.
«دىۋان»دا بۇنداق بېدىكلەرنى «ئارىچىلىق، سالاچىلىق
قىلغۇچىلار» (3-توم، 248-بەت) دەپ ئاتىغان. بېدىك-
لەرنىڭ مالغا باھا قويۇش ئۇسۇلى توغرىسىدا مۇنداق
ئۇچۇر بەرگەن: «ئۇ مېنىڭ بىلەن باھانى بىر تىللادىن ئا-
شۇرۇپ باقتى» (1-توم، 250-بەت).

يەنە بىر خىل بىدىكلەر مال ساتقۇچى بىلەن مال
سېتىۋالغۇچىنى ئۇچراشتۇرماي باھانى بىر-بىرىگە مەلۇم
قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق سودىنى پۈتتۈرۈپ ئوتتۇرىدىن
پايدا ئالىدۇ.

يەنە بىر خىل بېدىكلەر مالنى بىرسىنىڭ قولىدىن سې-
تىۋېلىپلا نەق مەيداندا يەنە مانچىلىك پايدا بەرگەنلەرگە
ساتىمەن دەپ تۇرۇپ سودا قىلىدۇ. ئۇلارمۇ ئاساسەن
بېدىك ھېسابلىنىدۇ.

يەنە بىر خىل بېدىكلەر مەلۇم بىر خىل تاۋارنى سې-
تىۋېلىپ باستۇرۇپ قويۇپ، باھا ئۆرلىگەندە ياكى شۇ
خىل تاۋارغا ئېھتىياجلىق خېرىدارنى تېپىپ كېلىپ سودىدا
كېلىشىدۇ. بۇنداقلارمۇ بېدىك ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بې-
دىكلەر ئاشلىق، قۇرۇق مېۋە-چېۋە سودىسىدا كۆپرەك
ئۇچرايدۇ.

يەنە بىر خىل بېدىكلەر مەلۇم تاۋارنى ساتقۇچى
بىلەن سېتىۋالغۇچىنى ئۆز-ئارا ئۇچراشتۇرۇپ قويۇپ چەتتە
تۇرىدۇ. سودا پۈتكەندە، ئازراق چاي پۇلى ئالىدۇ.
بۇنداق بېدىكلەردە مال سېتىۋالغۇدەك پۇل بولمايدۇ
ياكى بولسىمۇ سېتىۋالمايدۇ. پەقەت ئوتتۇرىدا ۋاستىچى-
لىك قىلغىنى ئۈچۈن تاپان ھەققى ئالىدۇ. بۇنداق بېدىك-
لەر ئۆي، يەر-زېمىن سودىسىدا كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

يەنە بىر خىل بېدىكلەر توي قىلىدىغان قىز-ئوغۇل
ئىككى تەرەپنى ئۇچراشتۇرۇپ قويۇپ توي ئىگىسىدىن
بىرەر كىيىملىك رەخت دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالىدۇ.
بۇنداق بېدىكلەر ئاساسەن ئاياللار ئارىسىدىن چىقىدۇ.
«دىۋان»نىڭ 1-توم، 191-بەتتە بۇنداق بېدىكلەرنى
«ۋاستىچى، ئەلچى» دەپ ئاتىغان.

ئومۇمەن ئالغاندا، بېدىكلەرنىڭ بېدىكچىلىك ئۇسۇ-
لى كۆپ خىل بولىدۇ، كۆپ قىسىم ياخشى نىيەتلىك بې-
دىكلەرنىڭ باشقىلارنى سودىدا كېلىشتۈرۈپ قويۇپ
ئازراق چاي پۇلى ئالغانلىقنى باشقىلار ئىش ھەققى دەپ
چۈشىنىدۇ. لېكىن بېدىكلەر بۇنداق چاي پۇلى تېپىشنى ئا-
ساسىي مۇددىئا ھېسابلىمايدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى «ساۋاب
بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. سودىدا كېلىشەلمىگەن ئىككى تە-
رەپنى كېلىشتۈرۈپ قويسا ياخشى ئىش قىلدىم، ساۋابلىق
ئىش قىلدىم دەپ قارايدۇ. بېدىكلەرگە بەرگەن چاي پۇ-
لنىمۇ ئىككى تەرەپ رازى بولۇپ بېرىدۇ.

بېدىكچىلىك كەسپىگە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر خىل ئاق
كۆڭۈللۈك، راستچىللىق، سەممىيلىك، خۇش چاقچاقلىق،
ئىناقلىق، ئىنتىپاقلىق، يۇمۇرىستىك ئېڭى مۇجەسسەملەن-
گەن. بېدىكلەر ئۆزلىرىنىڭ يۇمۇرىستىك، خۇش چاقچاق-
لىق خاراكتېرىگە ئاساسەن ئىككى تەرەپنىكى قاتماللىقنى

بۇزۇپ تاشلايدۇ. كۆڭۈلدىكى گۇمان، ئەنسىرەش، ئارد-
سالدىلىقنى تۈگىتەلەيدۇ. ئەركىن- ئازادە مۇھىت يارىتالاي-
دۇ. ئۇيغۇرلاردىكى بېدىكچىلىك، ئالاھىدە بىر خىل مە-
دەنىيەت ھادىسىسى، ئۇ سودا ئىلمى، سودا ئەخلاقى،
سودا چۈشەنچىسى، سودا قائىدىسى قاتارلىقلار بىلەن زىچ
باغلانغان. چۈنكى بېدىكلەر ناھايىتى چىرايلىق سۆزلەرنى
قىلىپ مال ئىگىسىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا تىرىشىدۇ. مال
ئىگىسىگە ھەرگىز قوپاللىق قىلمايدۇ. باشقىلار سودا قىلى-
ۋاتقان بولسا خالىغانچە ئۇلارنىڭ سودىسىغا ئارىلاشمايدۇ.
سودىسىنى بۇزمايدۇ. قائىدە سۆزلەپ ئىككى تەرەپنى كې-
لىشتۈرۈپ قويىدۇ. ھازىرمۇ چارۋا- مال بازىرى، ئاشلىق
بازىرىغا قارايدىغان بولساق، ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچى-
دىن ئىبارەت ئىككى ئادەمنىڭ قوللىرىنى بىر- بىرىگە تۇت-
قۇزۇپ تۇرۇپ سالاچىلىق قىلىۋاتقان بېدىكلەرنى كۆرى-
مىز. ئۇلار ئەتىدىن- كەچكىچە چىرايلىق گەپ- سۆزلەرنى
قىلىش، يالۋۇرۇش ئارقىلىق باشقىلارنى كېلىشتۈرۈپ،
سودىدا پۈتۈشتۈرۈپ قويغانلىقى بىلەن ئۆزىگە خۇشاللىق
تاپىدۇ. ھەرقايسى يېزا، ناھىيە، شەھەر، بازارلىرىدا شۇ
يەردىكى كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان داڭلىق بېدىكلەر
بولىدۇ. ئۇلار مال ئىگىسىنىڭ قولىنى بىر تۇتۇۋالسا
ئاسان قويۇپ بەرمەيدۇ. سودىنى كېلىشتۈرمىگىچە بولدى
قىلمايدۇ. ئۇلار ھەر ئىككى تەرەپنى زىيان تارتقۇزماسلىق-
نى مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ كېلىشتۈرمىچىلىك قىلىدۇ. ھەر
ئىككى تەرەپ رازى بولسا ئۇلار ئۆزىنى ياخشى ئىش
قىلدىم، دەپ قارايدۇ. كۆڭلىدە خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى بېدىكچىلىك خاس ئېلىم- سېتىم
ئىشلىرىدا كۆرۈلۈپ قالماي، زىددىيەتلىشىپ قالغان قولۇم-
قوشنا، ئەر- خوتۇن، ئۇرۇق- تۇغقان، دوست- بۇرادەر-
لەرنى ياراشتۇرۇپ قويۇشتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداقلار
باشقىلاردىن ھەق تەلەپ قىلمايدۇ. پەقەت ئۆزلىرىنىڭ سا-
خاۋەتلىك ئىش قىلغانلىقىدىن خۇشاللىق تاپىدۇ. بۇنداقلار
ئاساسەن شۇ مەھەللىدىكى يۈز- ئابرۇيلۇق، بىلىملىك،
ياشتا چوڭراق ئادەملەر بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ سۆز- نە-
سىھەتلىرىنى باشقىلار ئاسان رەت قىلمايدۇ. بۇ قارىماققا
ئادەتتىكى ئىشتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلار-
نىڭ چوڭلارنى، بىلىملىكلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان ئېسىل
ئەخلاقى پەزىلىتى مۇجەسسەملەشكەن.

شۇنى بىلىۋېلىش كېرەككى بېدىكچىلىك مەلۇم
گۇرۇھ، كوللېكتىپ ئوتتۇرىسىدا قاتناپ يۈرىدىغان ئالاق-
چى ئەلچىلەردىن روشەن پەرق قىلىدۇ. ئالاقچى، ئەلچى،
خەت- خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەر بېدىك ھېسابلانمايدۇ. بىز
دېمەكچى بولغان بېدىكچىلىك كەسپى ھەرگىزمۇ مەلۇم
گۇرۇھ، مەلۇم تەرەپلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ. ئۇلار
پەقەت بازار سودىسىدىكى ئېلىم- سېتىم ئىشلىرىدىلا ئۆ-
زىنى نامايان قىلىدۇ. سودىدا ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈ-
رۈپ قويۇش ئارقىلىق ئازراق چاي پۇلىغا ئېرىشىش،
كۆڭلىگە خۇشاللىق تېپىش ئۇلارنىڭ ئاساسىي مۇددىئاسى
ھېسابلىنىدۇ.

يەنە بىر مەسىلە باشتا بىز دەپ ئۆتكەندەك پايدا-
مەنپەئەتنى كۆزلەپ ئارىدا يامان ئىش قىلىدىغان، ئالدام-
چىلىق، ساختىپەزلىك قىلىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنى
باشقىلار بېدىك، سالاچى دېگەن سۆز بىلەن ئاتاپ،
ئۇلارغا نەپرەت ياغدۇرىدۇ. ئەمما بۇ ھەرگىز ئۇيغۇرلار-
دىكى بېدىكچىلىك كەسپىگە قىلىنغان ھاقارەت ئەمەس،
پەقەت كىنايە مەنىسىدە قوللىنىلغان سۆز شۇڭا بۇ سۆز
ئۇيغۇرلاردىكى بېدىكچىلىك كەسپىنى بىلدۈرىدىغان
بېدىك دېگەن سۆزنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئۇيغۇرلارد-
كى بېدىكچىلىك كەسپى ناھايىتى ئىلمى، سەممىي، ئىناق-
لىقنى كۆزلەيدىغان ئېسىل كەسپ. ئوچۇق- ئاشكارا
ئېلىپ بېرىلىدىغان كەسپ. ئۇ مال ساتقۇچىلارنىمۇ، سېتى-
ۋالغۇچىلارنىمۇ رازى قىلىدۇ. شۇڭا بۇ كەسپ ئەسىرلەر-
دىن بۇيان شاللىنىپ قالماي ھازىرقى دەۋرىمىزگىچە ئۇلۇ-
شۇپ كەلدى. تەرەققىي قىلدى. ئىلمىيلاشتى. مەدەنىيلەش-
تى. بازار سودىسىنىڭ جانلىنىشىغا ئالاھىدە كۈچ چىقار-
دى. ئۇيغۇرلاردىكى بېدىكچىلىك مەدەنىيتى بۈگۈنكىدىن
كېيىنكى بازار سودىسىدا ئۆزىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى
جارى قىلدۇرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ بېدىكچىلىك كەسپى ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق، ھەم-
كارلىق، سەممىيلىك، راستچىللىقتىن ئىبارەت كۆپ خىل
پىسخىك ئېڭىنى، مەدەنىيەت، ئۆرپ- ئادەت، گۈزەللىك،
سودا، تىجارەت، قىممەت قارىشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قى-
لىشتا مۇھىم تەتقىقات تېمىسى بولالايدۇ.

(ئاپتور: چىرا ناھىيەلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

www.uyghurkitap.com



# سۈرەت تەھرىرلىكى ۋە بەت لايىھەسى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

**زۇلفىيە ئابدۇرېھىم**

ژۇرنالدا گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى بولۇپ
ئىشلەپ كېلىۋاتقىنىمغا ئاز كەم 20 يىل بولاي دەپتۇ.
دەسلەپ گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن
چېغىمدا ئۈرۈمچىدىكى بارلىق كىتابخانىلارنى ئارىلاپ
چىققان بولساممۇ، گۈزەل سەنئەت تەھرىرلىكى توغرىسىدا
بىرەر مۇكەممەل كىتاب تاپالمىغانىدىم. كېيىن خەنزۇ يېزد-
قىدىكى بىر قىسىم ماقالىلەرنى تاپقان بولساممۇ، ئۆزۈم
مەنپەئەتلەنگۈدەك بىلىمگە ئېرىشەلمىدىم، مانا 20 يىلغا
يېقىن تىرىشىپ ئىزدىنىش ئارقىلىق ئاز-تولا تەجرىبىلەرنى
توپلىدىم ھەم مەلۇم دەرىجىدە گۈزەل سەنئەت مۇھەررد-
رىدە بولۇشقا تېگىشلىك كەسپىي ساپا يېتىلدۈردۈم دەپ
ئويلايمەن. بۇ تېپىز ماقالەم ئارقىلىق گېزىت-ژۇرناللار-
نىڭ گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرلىرى، سۈرەت تەھرىرلىرى
بىلەن ئورتاقلىشىشنى، بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەشنى
مەقسەت قىلدىم.

### سۈرەت تەھرىرلىكى ۋە بەت لايىھەسى

بىر ياخشى سۈرەت تەھرىرى مەيلى گېزىت-ژۇرنال-
نىڭ بەت لايىھەسى ئۈچۈن سۈرەت تەھرىرلىگەندە،
ئۇنىڭ خىزمىتى پەقەت سۈرەت تاللاش، سۈرەت كېسىشلا
ئەمەس، ئۇنىڭ تېخىمۇ مۇھىم بولغان مەسئۇلىيتى قانداق
قىلىپ بەت يۈزىدىكى بارلىق ماتېرىيالنى مۇۋاپىق گۇرۇپ-
پىلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەھمىيتىنى بەت لايد-
ھەسىدە لايىقىدا ئىپادىلەپ، ئوقۇرمەنلەرگە تەپسىلىي كۆر-
سىتىپ بېرەلەيدىغان بولۇشتۇر. كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇ-
شىدا گېزىتلەردىن كۆرىدىغان سۈرەتلەر ئادەتتە تۇرمۇش-
تىكى ئاددىي ئىشلار بولىدۇ، چۈنكى دۇنيادا ھەر كۈنى
يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ۋەقەلەر بولۇپلا
تۇرمايدۇ، بىراق بۇ مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى سۈرەت تەھ-
رىرىنىڭ دائىم كۆرۈلىدىغان شۇ ئاددىي ئىشلارنىڭ سۈرد-
تىنى قانداق تەھرىرلىشى ھەمدە تەھرىر ئۆزىنىڭ ئوي-
پىكرىنى بەت لايىھەسى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە قانداق
يەتكۈزۈپ بېرەلىشى، ئوقۇرمەنلەرنى قىزىقتۇرالىشىدا.

### سۈرەت تەھرىرى

ھەقىقىي بىر سۈرەت تەھرىرى سۈرەتنى ئوقۇپ
كۆرۈپ، كۆز ئالدىدىكى سۈرەتنىڭ نېمىنى ئىپادىلىگەنلد-
كىنى ياكى نېمىنى كۆرسىتىپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى چۈ-
شىنىشى، گېزىت-ژۇرنالغا قانداق سۈرەت كېرەكلىكىنى
بىلىشى كېرەك. بۇ سۈرەت تەھرىرىدىن گېزىت-ژۇرنال-
نىڭ ئورنى، سۈرەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە شۇ چاغدىكى ھا-
لىتىنىلا چۈشىنىپ قالماستىن، يەنە سۈرەتنىڭ ئېقىم يۆنىلد-
شىنى بىلىشى كېرەك، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشىغا ھۆكۈم
قىلالىغاندىلا، ئاندىن گېزىت-ژۇرنالنىڭ بەت لايىھەسىدە



ياخشى سۈرەتلەرنى تەھرىرلىيەلەيدۇ.

گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان سۈرەت ۋە يېزىقنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوينايدىغان رولى ئوخشاش بولمايدۇ، شۇڭا سۈرەت تەھرىرى بىلەن يېزىق تەھرىرىنىڭ قوللىنىدىغان تەھرىرلىك تەپەككۇرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەت لايىھەسىگە قويۇلغان سۈرەتلەرنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بولۇشى، سۈرەتنىڭ مەزمۇنىغا، كۆرۈش سېزىمىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىگە ھەمدە بەت لايىھەسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان خام ماتېرىيالى قاتارلىقلارغا ئاساسەن بېكىتىلگەندىلا، ئاندىن ئوخشاش بولمىغان سۈرەتلەر تېگىشلىك رولىنى ئوينىيالايدۇ. ئەگەردە بىر پارچە سۈرەت ھەرقانچە ياخشى تارتىلغان، مەزمۇنى قانچىلىك مۇھىم، ئۇچۇرلار قانچىلىك مول بولغان تەقدىردىمۇ، بەت يۈزىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدىغان بىر بۇلۇڭغا كىچىككىنە قىلىپ بېرىلسە، ئوقۇرمەنلەر ئۇنى ئېنىق كۆرەلمىسە، ئۇنداقتا ئۇ سۈرەتنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئەگەردە چوڭايتىۋېتىشكە بولمايدىغان بىر پارچە سۈرەت ھەددىدىن ئارتۇق چوڭايتىلىپ، مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇلماي قالسا، شۇ سۈرەتنىڭ يېتەرسىزلىكى گەۋدىلىنىپ قالماي، پۈتۈن بەتنىڭ سۈپىتىنى بۇزۇۋېتىدۇ ھەم تەھرىرنىڭ ئېرىشمەكچى بولغان نەتىجىسىگە قارشى ئۈنۈم بېرىشى مۇمكىن. شۇڭا سۈرەت تەھرىرى سۈرەتنىڭ بەتتىكى ئورنىنى، چوڭ-كىچىكلىكى ھەمدە تېما، يېزىق بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ ماسلىشىشىنى بىلىشى كېرەك، بۇ سۈرەتنىڭ تارقىتىش ئۈنۈمىگە، ھەتتا بەت لايىھەسىنىڭ ئۆزىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، يەنە ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزىدىغان كۆرۈش سېزىم نەتىجىسىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

سۈرەت تەھرىرى پەقەت نېمىنىڭ ياخشى سۈرەت ئىكەنلىكىنىلا بىلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە پەقەت سۈرەت ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈنلا گېزىت-ژۇرنال بېتىگە لايىق دېگەن خاتا قاراشتا بولماسلىقى كېرەك؛ سۈرەت تەھرىرى گېزىت-ژۇرنالنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن بەت لايىھەسىگە مۇۋاپىق سۈرەتلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشنى بىلىشى ھەمدە ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ سۈرەتلەرنى لايىق كېلىدىغان ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. بەت لايىھەسىگە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان سۈرەتلەر ماقالىنىڭ سۈپىتىنى كۈچلەندۈرەلەيدۇ ھەمدە يېزىقتىكى يېتەرسىزلىك، ئەيىبلەرنى يېپىپ كېتەلەيدۇ. بۇ قائىدىلەر يېزىق تەھرىرىنىڭ بەت لايىھەسىدە تاللاپ ئىشلەتكەن خەت نۇسخىسى، خەتنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، رەڭگىنىڭ قېنىق-سۇسلۇقى قاتارلىقلارنى ئويلاشقىنىغا ئوخشاش، بىر بەت لايىھەسىدە سۈرەت بىلەن يېزىقنىڭ مۇناسىۋىتى بىر-بىرىگە تايىنىدىغان، بىر-بىرىنى قوللايدىغان مۇناسىۋەتتۇر.

ياخشى بولغان بىر سۈرەت تەھرىرى بەت لايىھەسىدە سۈرەت، تېما، يېزىق ۋە بوشلۇقنى ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ مۇناسىۋەتلەرنى بەت لايىھەسىدە بىر تۈرلۈك «زىننەتلەش» ئەمەس، بەلكى بىر تۈرلۈك پىكىر، بىر تۈرلۈك سەزگۈ گۈزەللىكى سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرىدۇ.

ئەسەرنىڭ مەقسىتىنى ئوقۇرمەنلەرگە توغرا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئويلايدىكەنمىز، كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ھالقا شۇكى، بەت لايىھەسىنى تۈزۈشتىن بۇرۇن تەھرىر گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى بىلەن ئۆزئارا پىكىرلىشىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەمدە بەدىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ھەمدە ماتېرىياللارنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى ھەم مۇناسىۋىتىنى ئېنىق ئىگىلىشى، ھەر بىرى ئۆزىنىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋە نىشانىنى چۈشىنىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئوي-پىكىرنى بەت لايىھەسى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە سۇنالايدۇ، ئوقۇرمەنلەرمۇ ئوقۇپ چۈشىنەلەيدۇ. ئوقۇرمەنلەرنى قىزىقتۇرۇش ناھايىتىمۇ مۇھىم، چۈنكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش رىتىمى ئۈزلۈكسىز تېزلىشىپ بېرىۋاتىدۇ، ئۇچۇرغا ئېرىشىش يوللىرىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى، پەقەت چوڭقۇر تەسىر قالدۇرالايدىغان بەت لايىھەسىلا ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئالدىراشلىق ئىچىدە كۆرۈشىنى تۇتۇپ قالالايدۇ، تەسىر قالدۇرالايدۇ. ئەكسىچە بولغان گېزىت-ژۇرناللارغا مۇنداقلا كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئوقۇرمەنلەر كۆپ قېتىم ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن، شۇ گېزىت ياكى ژۇرنال شۇ سەۋەبلىك ئوقۇرمەنلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

### بەت لايىھەسى

بىر پارچە سۈرەت مەيلى قانچىلىك ياخشى بولۇپ كەتسۇن، لايىھەلىگۈچى ئۇنى ھەددىدىن ئارتۇق چوڭايتىۋەتسە، چوڭلۇقىدىن ئادەم بىئارام بولغۇدەك بولسا ياكى پوچتا ماركىسىدەك كىچىكلىتىپ، ئېنىق كۆرۈنمىگۈدەك قىلىپ قويسا، نەتىجىدە ئۇنى ھېچكىم كۆرۈشنى خالىمايدۇ ياكى بۇنداق سۈرەت ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمايدۇ.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن گېزىتلەردە ھەر كۈنى شۇنداق لايىھەلەنگەن بەتلەرنى كۆرىمىز. ئۇلارنىڭ سۈرەتلەرنى ئىشلىتىشتىكى مەقسىتى پەقەت بەت يۈزىدە سۈرەت بولۇشى ياكى بەتنى توشقۇزۇش ئۈچۈنلا بولۇپ، بەت لايىھەسىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە گېزىت-ژۇرناللارنىڭ ھەممىسى «لايىھە»نى بەتنى بېزەشتە كەم بولسا بولمايدىغان ماتېرىيال دەپ قارىشى كېرەك. مانا شۇنداق چاغدا لايىھەلىگۈچى بۇنداق ژۇرناللارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلىشى، سۈرەت بىلەن يېزىقنى ئەپچىللىك بىلەن ماسلاشتۇرۇشنىڭ ژۇرنالغا نىسبەتەن مۇھىملىقىنى بىلىشى كېرەك.

شۇنىڭ ئۈچۈن بەت لايىھەلەشتىن بۇرۇن تەھرىر ۋە گۈزەل سەنئەت تەھرىرى بىلەن شۇ سان گېزىت ياكى ژۇرنالنىڭ باش تېمىسى ۋە سۈرەتلەرنىڭ مەزمۇنى ئۈستىدە تولۇق مۇزاكىرە قىلىش ھەمدە مۇناسىۋەتلىك يېزىق ئوتتۇرىسىدىكى ماسلاشتۇرۇشنى ئويلىنىۋېلىش كېرەك. بۇنىڭدىكى مەقسەت مۇزاكىرىلىشىش ئارقىلىق خام ماتېرىيالنى يۈزە بىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەزمۇن قاتلىمىغا چوڭقۇر چۆكۈش. گۈزەل سەنئەت تەھرىرىنىڭ ئۇيىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كەسپىي بىلىملىرى ئارقىلىق تېخنىكىسىنى ئىشلىتىپ بەت يۈزىدىكى ھەر تۈرلۈك مەزمۇنلارنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەپ بېرىشتۇر.

(ئاپتور: «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىدا)

## بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز تەتقىقاتلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك ساھەدىكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنىۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 4554017

**ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى**

# تېبىس قەدىمىي شەھىرى ۋە قەبرىگاھ





## كۆپ قۇۋۋەتلىك پايتەخت

تېبىس قەدىمىي شەھىرى بىلەن ئۇ يەردىكى قەبرىستانلىق مىسىردىكى ئەڭ داڭلىق قەدىمىي يادىكارلىقلاردۇر. ئۇنىڭ ئورنى مىسىردىكى لوكسوردىن كارناكقىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نىل دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىن ھالقىپ ئۆتىدۇ. تېبىس قەدىمكى مىسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە يېڭى پادىشاھلىق مەزگىللىرىدىكى خاندانلىقلارنىڭ پايتەختى قىلىنغان. قەدىمكى مىسىرنىڭ 12 - خاندانلىقى مەزگىلىدە قۇرۇلغان. 1979 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى «ئىنسانىيەت مەدەنىيەت مىراسلىرى» دەپ قاراپ «دۇنيا مىراسلىرى قامۇسى»غا كىرگۈزۈلگەن. تېبىسنىڭ ئەسلىي نامى لوكسور بولۇپ، «لوكسورغا كەلمىگەنلەر مىسىرغا كەلمىگەن بىلەن تەڭ» دېگەن بۇ بىر جۈملە سۆز مىسىرلىقلارنىڭ داۋاملىق ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆزى. شۇڭا لوكسورنىڭ قەدىمىي شانلىق يادىكارلىقلىرىنى ئىزدىلاشتا، مىسىرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقى قىلچىمۇ كۆپتۈرۈۋېتىلگەن ئەمەس.



تېبىس قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانى تەخمىنەن 15.5 مىڭ كۋادرات مېتىر. قەدىمكى مىسىر پادىشاھلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇلۇش سېلىش ئارقىلىق تارىخ سەھىپىسىگە خاتىرىلەپ قالدۇرغان. شۇڭا ئۆتكەن خاندانلىقلاردىكى فىرئەۋنلەر كەڭ كۆلەمدە ياغاچ - تاش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، تېبىستا سان - ساناقسىز ئىبادەتخانىلار، ئوردا - ساراي ۋە خان قەبرىلىرىنى ياساتقان.



تېبىستىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆلىمى زور، ھەيۋەتلىك، ھۈنەر - سەنئەتتە كامالەتكە يەتكەن بولغاچقا، دۇنيا قەدىمكى قۇرۇلۇش سەنئىتىنى ئەڭ يارقىن نامايان قىلىدىغان قىممەتلىك گۆھەر ھېسابلىنىدۇ. بىراق، نەچچە 1000 يىللارنىڭ خۇددى ئاققان سۇدەك ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ھەشەمەتلىك ئوردا - قەسىرلەر، بۇتخانىلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەر يەنە بىردىنبىر ساقلىنىپ قالغان بۇتخانا خارابىلىكلىرى بىلەن پادىشاھ ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قەبرىلىرىگە قاراپ، تېبىسنىڭ گۈللەنگەن دەۋردىكى سىماسىنى

ھېلمۇ تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە بىز كۆرۈۋاتقان تېبىس قەدىمىي شەھىرىنىڭ يېرىمى، يەنى شەرقىي قىسمىدىكى بۇتخانىلار ھاياتلارغا تەۋە بولۇپ، قويۇق ئورماندەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، غەربىي قىسمى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە فىرئەۋن ۋە ئاقسۆڭەكلەر ياتقان قەبرىستانلىق بولغاچقا ئۆلۈكلەرگە تەۋەدۇر. ئۇ يەر تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەر ئورتاق بەھرىلىنىدىغان مۇقەددەس جايدۇر، شۇنداقلا قەدىمكى دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ سەھنىسىدۇر.

قەدىمكى مىسىردا تېبىس شەھىرىنىڭ ئەتىۋارلىنىشى مۇنداق روشەن ئۈچ ئالاھىدىلىكتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچىدىن، تارىخى ئۇزاق. ساقلانغان خارابىلەر تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 21 - ئەسىردىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 11 - ئەسىر ئارىلىقىدا ياسالغان.

ئىككىنچىدىن، دائىرىسى ئىنتايىن چوڭ. بۇ يەردىكى قەدىمكى قۇرۇلۇشلار غايەت زور تاشلار بىلەن ياسالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئېگىزلىكى 43 مېتىر، قېلىنلىقى 15 مېتىر، كەڭلىكى 115 مېتىر كېلىدىغان چوڭ دەرۋازا؛ ئېگىزلىكى 18 مېتىرلىق ھەيكەل؛ ئېگىزلىكى 24 مېتىر، ئايلانمىسى 15 مېتىر كېلىدىغان تاش تۈۋرۈك؛ ئېگىزلىكى 30 مېتىرلىق پۈتۈن تاش ئىشلىتىلگەن ئۈستى ئۈچلۈق مۇنار بار. ئىشلەتكەن تاشلارنىڭ ھەر پارچىسىنىڭ ئادەتتىكىلىرىلا نەچچە توننا ئېغىرلىقتا. يالغۇز كارناك بۇتخانىسىغا ئىشلىتىلگەن تاش ماتېرىيالىنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقىلا نەچچە مىليون توننىغا يېتىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، قۇرۇلمىسىنىڭ پىششىقلىقى، ھۈنەر - سەنئەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكى ۋە قۇرۇلۇشلاردىكى تاشلارنى ئۆزئارا چاك باستۇرغاندا ئاراچلارنى ھەم جىپسىلاشتۇرۇپ بىر گەۋدە قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئىبادەتخانىنىڭ ساراي ئۆي، ئايۋانلىرى تۈۋرۈك بىلەن قاپلانغان ۋە ئۇنىڭغا رەڭلىك قاپارتما نەقىش ئىنچىكىلەپ ئىشلەنگەن. خان قەبرىلىرىدىكى سان - ساناقسىز تام سىزمىلار ناھايىتى جانلىق، ئوبرازلىق بولۇپ، تا بۈگۈنگە قەدەر ئۇنىڭدىكى رەڭلەر خۇددى يېڭىدىن سىزىلغاندەكلا ئىنتايىن ئوچۇق.

تېبىستىكى ئەڭ مەشھۇر قەدىمكى مىسىر قۇرۇلۇشلىرىدىن كارناك بۇتخانىسى غايەت چوڭ تاشلار بىلەن قوپۇرۇلۇپ ياسالغان. ئۇ بۈگۈنكى دۇنيادا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان كۆلىمى ئەڭ چوڭ بىردىنبىر بۇتخانا. ئىگىلىگەن ئورنى 80 ئىنگلىز مو. ئۇ نونتېر بۇتخانىسى، ئامون چوڭ بۇتخانىسى ۋە رايت بۇتخانىسىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىدىن تەركىب تاپقان. ھەممە يېرى خىش تام بىلەن قورشالغان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئامون بۇتخانىسى مىلادىدىن بۇرۇنقى 1870 - يىلدىن باشلاپ سېلىنغان. كېيىنكى 1300 - يىللارغىچە داۋاملىق ئۆزگەرمەي كېڭەيتىپ ياسالغان، بۇ بۇتخانىلار قەدىمكى مىسىر فىرئەۋنىنىڭ قۇياش، تەبىئەت، ئاي ئىلاھلىرىغا تەقدىم قىلغان سوۋغىسى ئىكەن.

كارناك بۇتخانىسىنىڭ چوڭ تۈۋرۈكلۈك زالىنىڭ «سەنئەت دۇنياسىدىكى ئاجايىباتلار» دېگەن ئوبرازلىق نامى بار.

چوڭ زال ئىككى ئەۋلاد پادشاھ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، يەنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 1302 - يىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1290 - يىللىرىدا 19 - خاندانلىقنىڭ پادشاھى سېدىنىڭ زامانىسى بىلەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1290 - يىلدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1224 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى فىرئەۋن رامېسسىس II ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان زامانلاردا ياسالغان. تۈۋرۈكلۈك چوڭ زالىنىڭ قۇرۇلۇشى كۆلەم جەھەتتە 5000 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ. زال تورۇسىنىڭ يەر بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 25 مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭغا دىيامېتىرى تۆت مېتىر، ئېگىزلىكى 21 مېتىر كېلىدىغان 134 دانە يۇملاق تاش تۈۋرۈكتە تىرەك سېلىنغان. تۈۋرۈكنىڭ ئۈچىدا 100 ئادەم ئۆرە ھالەتتە تۇرالايدۇ. تۈۋرۈك بىر مېتىردىن ئارتۇق ئۇزۇنلۇقتىكى كۆپتۈرمە دۇمباقسىمان تاش پارچىسى بىلەن قوپۇرۇلغان، زالنىڭ تېمىغا ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن نۇرغۇن قاپارتما نەقىشلەر ۋە يېزىقلار ئويۇلغان بولۇپ پادىشاھنىڭ ھەممە ئىلاھلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى خاتىرىلەنگەن.

بۇتخانىغا كىرىدىغان كىچىك بوشلۇقتا ئىككى دانە ئۈچى ئۈچلۈق، ئاستى چاسا شەكىللىك تاش مۇنار بولۇپ، بۇ مۇنار ئايال پادىشاھ ھاتشەپسۇت ئۈچۈن ياسالغان. ئايال پادىشاھ ھاتشەپسۇت بولسا پادشاھ تۇتمۇس II نىڭ خانىشى بولۇپ، پادىشاھ

ئۆلگەندىن كېيىن، خانىش مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1486 ـ
يىلدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1468 ـ يىلغىچە ھاكىمـ
يەت يۈرگۈزگەن. ئۇ مىسىر تارىخىدىكى مەشھۇر
ئايال پادىشاھ. بۇ ئۇچلۇق مۇنارغا ئاسۋان دېگەن
جايدىن كەلتۈرۈلگەن پۈتۈن كۆك رەڭلىك بازالت
تاش ئويمىسى ئىشلىتىلگەن. مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 30
مېتىر، ئاستى تۆت قىرلىق، يۇقىرىغا ئۆرلىگەنچە ئۇچـ
لۇقلىشىپ بىۋاسىتە بولۇت بىلەن تۇتاشقاندەك كۆرۈنـ
دۇ. ئۇ ھازىرغىچە ساقلانغان ئەڭ ئېگىز كىۋادرات
شەكىلدىكى ئۇچلۇق مۇنار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۆز
زامانىسىدا، مۇنارنىڭ چوققىسى ئالتۇن بىلەن كۈمۈشـ
نىڭ تەبىئىي قېتىشمىسىدا قاپلانغان بولۇپ، پارقىراپ
ھەممە ياققا نۇر چېچىپ تۇرارمىشكەن.

بۇتخانىنىڭ ئەۋلىيا قەسرى ئىچكىرى ـ تاشقىرى
قىلىپ گرانىت تاش بىلەن ياسالغان. ئىچكىرىكى ئۆيدە
مەخسۇس ئەۋلىيا كېمىسى ساقلىنىدىغان بولۇپ، تاملىرىغا
قاپارتما سىزما ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتىكى ئەۋلىيا كېمىسـ
نىڭ يولغا چىققان چاغدىكى تەنتەنىلىك كۆرۈنۈشى ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن. مۇراسىم زالى بولسا، 18 ـ خاندانلىقنىڭ
فىرئەۋنى تۇتمۇس ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەزگىلدە ياـ
سالغان بولۇپ، تا بۈگۈنگىچە 3390 يىللىق تارىخنى
باشتىن كەچۈرگەن. زالنىڭ تورۇسىنى 52 تال تاش
تۈۋرۈك تىرەپ تۇرىدۇ، تاملىرىغا كىشىنى مەپتۇن قىلىدىـ
غان نۇرغۇن قاپارتما نەقىشلەر ئويۇلغان.

بۇتخانىنىڭ چوڭ ھويلىسى مىلادىدىن بۇرۇنقى 945 ـ
يىلى ياسالغان بولۇپ، مىسىردىكى بۇتخانىلارنىڭ ئىچىدە
ھويلىسى ئەڭ چوڭ ھېسابلىنىدۇ. ئىگىلىگەن كۆلىمى
7989.7 كىۋادرات مېتىر، ھويلىنىڭ سول تەرىپىدە
سىدى II نىڭ بۇتخانىسى، ئوڭ تەرەپتە رامېسسىس III ياـ
ساتقان ئامون بۇتخانىسى بار. ئوتتۇرىدا تاش تۈۋرۈكـ
لۈك زال بولۇپ، ئېگىزلىكى 21 مېتىر كېلىدىغان چوڭ
تاش تۈۋرۈكلەر ئاسمان ـ پەلەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

بۇتخانىنىڭ ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلىرىدىن باشقا يەنە
ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان نۇرغۇن قاپارتما نەقىش
ۋە رەڭلىك سىزمىلىرى بولۇپ، مىسىر قەدىمكى جەمئىيىتىـ
نىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇـ
رىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پادىشاھ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ نەزىرـ
چىراغ پائالىيەتلىرىنىڭ داغدۇغىلىق كۆرۈنۈشىدىن باشقا
يەنە دېھقانلار ۋە كېمىچىلەرنىڭ كېمە ياساۋاتقان مەنزىرىـ
سىمۇ بار. بىر قىسىم رەڭلىك سىزما ۋە قاپارتما ئويمىلارـ
دا شوخ باللار ۋە يەنە ئۆملەيدىغان ھايۋاناتتىن تارتىپ
ھاشاراتقىچە ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، تولۇپ تاشقان





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ.

لوكسور بۇتخانىسى كۆلەم جەھەتتە كارناك بۇتخانىسىنىڭ كەينىدىلا تۇرىدۇ. قۇرۇلۇشى ئوخشاشلا ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ھەم نەپىس. لوكسور بۇتخانىسى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 14- ئەسىردە ياسالغان بولۇپ، بۇتخانىنىڭ ئەسلى ئۇزۇنلۇقى 190 نەچچە مېتىر، كەڭلىكى 50 مېتىر كېلىدۇ. ئۇ بۇتخانا قورۇسى، چوڭ تۈۋرۈكلۈك زال ۋە نۇرغۇن ئىبادەتخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇتخانىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى يالغۇز قەسىرنىڭ خارابىسىدە بىر پارچە قىپقالغان قاپارتما نەقىشكە ئىلاھىي ئەۋلىيا فىرئەۋن ئەيمىس III نى قەسىرگە يېتىلەپ كىرگەن كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن.

مەركىزىي زالنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بىر كىچىك ئىبادەتخانا بولۇپ، تۆت تەرىپىدىكى تاش تامغا تىرىيات بىلەن ئامۇن قۇياش ئىلاھىنىڭ تويى، شۇنداقلا ئايال ئىلاھنىڭ ياردىمىدە شاھزادىنىڭ تۇغۇلۇۋاتقان چاغدىكى دەبدەبىلىك كۆرۈنۈشى سىمۋوللۇق قىلىپ تاشقا ئويۇلغان. ھويلىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر جۈپ ھەيۋەتلىك، خۇددى سامان قەغەزگە ئورالغاندەك نەپىس تاش تۈۋرۈكلەر بار بولۇپ، تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۇچى كونىلوكسمان گۈلدەك رەتلىك ھەم ھەيۋەتلىك.

شىمالىي كىرىش ئېغىزىدا شەكلى ئۆزگىچە ياسالغان تۈۋرۈكلۈك كارىدور بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر دانىسىنىڭ ئېگىزلىكى 16 مېتىر كېلىدىغان 14 دانە تۈۋرۈك بار. بۇتخانا مۇنارىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېگىزلىكى 14 مېتىرلىق تىك ئولتۇرغان قىياپەتتىكى ئىككى ئادەم ھەيكىلى بولۇپ، ئۇ رامسېسس II نىڭ ھەيكىلىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇتخانا تاملىرىدا ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغدىكى خىتمىلىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشى جانلىق تەسۋىرلەنگەن. يەنە ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى قاپارتما نەقىشلەردىن تەركىب تاپقان، بىر مۇكەممەل توقۇلما رەسىم كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. ئوڭ تەرەپتىكىسىدە، ئەينى ۋاقىتتىكى ھەربىي قوشۇنلارنىڭ تۇرمۇشى، ئۇرۇش ئالدىدىكى ھەربىي يىغىنى، شۇنداقلا فىرئەۋننىڭ جازا يۈرۈشى قىلىۋاتقان ھالىتى ۋە يەنە ئۇرۇش ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئومۇمىي كۆرۈنۈشى تەسۋىرلەنگەن. سول تەرەپتىكى كۆرۈنۈشتە بولسا رامسېسس II نىڭ دۈشمەنگە قارىتا ھۇجۇمغا ئۆتكەن، يەنى كامالچىنى ئېگىپ ئوقيانى توغرىلاپ تۇرغان ھالىتى ۋە خىتمىلىقلارنىڭ مەغلۇپ بولۇپ قاچقان كۆرۈنۈشى خۇددى تىرىك ئادەملەردەك سىزىلغان. رامسېسنىڭ قورۇسى ئىچىدىكى تۈۋرۈكلەر ئوتتۇرىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر رامسېسس II نىڭ تاش ھەيكىلى بار. ھەيكەلنىڭ قېشىدىكى تاش تامغا قاپارتما نەقىش ۋە يېزىقلار ئويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەينى يىلىدىكى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەن تەبرىكلەش مۇراسىمىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بايان قىلىنغان.

ھومېرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى تېبىس «100 قوۋۇقلۇق پايتەخت» دەپ ئىزاھلىنىدۇ. تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە ئەينى ۋاقىتتىكى تېبىس شەھىرىنىڭ قوۋۇق دەرۋازىسى 100 گە يەتكەن، ئاھالىسى زىچ شەھەر ئىدى.

ئىككى ئامون بۇتخانىسى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىنىڭ ھەممىسى تېبىس شەھەر رايونىغا تەۋە. ئۇنىڭ ئىچىدە فىرئەۋنىنىڭ ئوردىسى، ئاقسۆڭەك ۋەزىرلەرنىڭ قورۇجايى، ئايۋان-سارايلىرى ۋە يەنە نۇرغۇن دۇكان رەستىلەر بار بولۇپ، قەدىمكى مىسىرنىڭ ئەڭ ئاۋات شەھىرىنىڭ بىرسىدۇر. بىراق بۈگۈنكى كۈنگە كەلگۈچە بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى ۋەيران بولۇپ ھېچنېمىسى قالمىغان.

قەدىمكى مىسىرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار ئاخىرەتتىكى دوزاخنى كۈن ئولتۇرغان يۆنىلىش بويىچە نىل دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى بويلاپ ماڭغاندىكى ئەڭ يىراق جايدا دەپ قارايدۇ، شۇڭا قەدىمكى مىسىردىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى ئادەتتە تۇرالغۇ رايوننى شەرقىي قىرغاققا، قەبرىستانلىقلارنى غەربىي قىرغاققا ئورۇنلاشتۇرغان.

شۇڭا، نىل دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى تاغ چوققىلىرىغا قەدىمكى مىسىر پادىشاھلىقى، خانىش ۋە تۇغقانلىرى بىلەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قەبرىلىرى مەركەزلەشكەن. بۇ يەردىكىسى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 550- يىلدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 200- يىللىرىنىڭ ئارىلىقىغىچە، يەنى قەدىمكى مىسىرنىڭ 18- خاندانلىقىدىن 20- خاندانلىقىغىچە بولغان خان جەمەت قەبرىسى. ئەنە شۇ نىل دەرياسى قىرغىقىنى بويلاپ ھەيۋەتلىك تاغ باغرىغا ياندىشقان قىيپاش

ئويمانلىقتىكى ئون نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە، نەچچە مىڭلىغان قەبرىلەر تولۇپ ياتىدۇ. بۇ قەبرىلەرنىڭ ھەممىسى تاغ باغرىغا يانداپ كولانغان. تاغ ئېتىكىدىكى تاش ئېدىرلىق بىلەن دەريا ساھىلىنىڭ ئارىلىقىدا ھەرقايسى دەۋرلەردىكى فرئەۋنلەر ئۆزلىرى ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياساتقان بۇتخانىلار بار. شۇنىڭدەك يەنە تىك يارنىڭ كەينىدىكى بىر قاقاس تاغ جىلغىسىدا مومىيالانغان فرئەۋنلەرنىڭ مەخپىي لەھەتى بار بولۇپ، بۇ يېڭى خانىدانلىقتىكى 62 فرئەۋننىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغاچقا بۇ يەر «خان جىلغىسى» دەپ ئاتالغان. «خان جىلغىسى»دىكى فرئەۋنلەرنىڭ قەبرىسى ئۆڭكۈردىن كىرىپ يەر ئاستىغا 100 مېتىردىن ئارتۇق چوڭقۇرلۇقتا قېزىلغان. قەبرە يولى ئېگىز-پەس، ئەگرى-توقاي، ئوڭ ۋە سولدا ئايرىم-ئايرىم ئۆيلىرى بار، ئۆيلەرنىڭ تۆت تېمى بىلەن تورۇسغا رەڭلىك تام سىزمىلىرى سىزىلغان ھەم ئۇنىڭغا يانداپ تەسۋىرىي يېزىقلار چۈشۈرۈلگەن. ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قەبرىستانلىقىدىكى تام سۈرەتلەردە قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئىنتايىن يۇقىرى ۋە تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

خان جىلغىسىدىن باشلاپ شەرققە قاراپ بىر نەچچە كىلومېتىر ماڭغاندا 18-خاندانلىقنىڭ مەشھۇر ئايال پادىشاھى ھاتشەتسۇت ھايات مەزگىلىدە ياساتقان دەپنە مۇراسىم سارىيى بار. بۇ ساراي پەلەمپەيلىك بۇتخانىسى، گەرېكچە تۈۋرۈكلۈك ئايۋان ۋە ئۆزگىچە تاش ئويمىسى بىلەن دۇنياغا داڭلىق. بۇتخانا ياساشتا ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى بۇتخانا ياساش ئۇسلۇبىدىن ۋاز كېچىپ، پۈتۈنلەي نەق يەردىن پايدىلىنىپ، يەنى تىك ياردىن قىيپاش ئويمالىققا قاراپ ئۈچ قەۋەتلىك ئومۇمىي قۇرۇلۇش لايىھەسىنى تاماملىغان.

تۈۋرۈكنىڭ مەركىزى ئانچە تىك بولمىغان پەلەمپەيي ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى تۈۋرۈكلۈك ئايۋاننىڭ ئارقا تەرىپى، بۇتخانىنى باشقۇرىدىغان ئاساسىي ئورۇن قىلىنغان. ئىچكى سارايىنى تىك يارنىڭ باغرىنى قېزىۋېتىپ ياسىغان. ئالدى تەرەپتىكى تۈۋرۈكلۈك كارىدورغا ئاددىي چاسا شەكىللىك تۈۋرۈك ئىشلىتىلگەن. ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى بەزى يان ئايۋانلارغا يامغۇر سۈيىنىڭ ئېقىشى ئۈچۈن ئېرىقچە ئويۇلغان تۈۋرۈكلەر قويۇلغان. ئۇنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى ئىنتايىن نەپىس. ئۇنىڭدىن باشقا دەھلىز (دالان) تېمىنىڭ يۈزىگە رەڭلىك تام سىزمىلار سىزىلغان. تۈۋرۈكلۈك ئايۋانغا سىرتتىن تۇرۇپ قارىغاندا، ئارقىدىكى تىك يار بىلەن قوشۇلۇپ، ئۆزئارا ئىنتايىن ماسلاشقان، سالقىن ھەم پاكىز بىر كۆرۈنۈش ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ، قۇرۇلۇشچىلارنىڭ ماھارىتىدىن، قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىمكانقەدەر تەبىئىي مەنزىرە بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ئالاھىدىلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئىككى قەۋەتلىك پېشايۋان ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ھەر بىر قەۋەتتىكى پېشايۋاننىڭ ئالدى كۆپ تۈۋرۈكلۈك ئۆتۈشمە كارىدور قىلىپ لايىھەلەنگەن ھەم ئىنتايىن نەپىس قاپارتما نەقىشلەر ئورنىتىلغان. ئۇنىڭدا ئايال پادىشاھنىڭ دۇنياغا كېلىشى ھەم ئايال پادىشاھنىڭ قىزىل دېڭىزنىڭ ئەڭ جەنۇبىي چېتىدىكى دۆلەت، فۇنتقا زىيارەتكە بېرىپ، ئۇ يەردىن تۆت قىرلىق ئابىدە تاشنى يۆتكەپ كەلگەنلىكىدەك مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن. شۇڭا ئۇ قەدىمكى مىسىردىكى مەشھۇر قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى بولۇپ سانالغان. 3000 يىلدىن كۆپرەك تارىخىي جەرياننى باشتىن كەچۈرگەن بۇ چوڭ ئايۋان سارايدىكى قاپارتما نەقىشلەر ھازىرمۇ شۇ پېتى ساقلانماقتا.

قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتى قەدىمدىن تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ شانلىق نۇرىنى چېچىش بىلەن بىللە، يەنە ئىنسانىيەتكە نۇرغۇنلىغان يەشكىلى بولمايدىغان سىرلارنى قالدۇرغان. مەسىلەن، خان جىلغىسىغا دەپنە قىلىنغان فرئەۋنلەردىن تۇتانكامون باشتىن-ئاخىر سىرلىق چۈمبىلنى ئېچىپ باققىنى يوق. بۇنىڭغا قارىتا بىر ئارخېئولوگ مۇنداق دەيدۇ: «تۇتانكامونىنىڭ پۈتۈن ھاياتى ھەققىدىكى ئۇقۇمغا قارىتا كىشىلەرنىڭ ئېنىق چۈشەنچىسى يوق، ئۇ كۆرۈنۈشتە نۇر چاقناپ تۇرغان بىلەن ئۇنىڭ قاتمۇقات قارا چۈمبىلى يەنىلا شۇ پېتى تۇرماقتا».

(داۋامى كېلەر ساندا)

تەرجىمە قىلغۇچى: **مېھرىگۇل قادىر**

(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىدە)

MIRAS



# ئۇيغۇرلاردا مازار مەدەنىيتى

ئابدۇكېرىم ئابدۇراھمان

دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئېتىقاد قارىشى، ئۇراپ تۇرغان مۇھىت شارائىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن مېيىتنى دەپنە قىلىدىغان ئۇرنىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. دەپنە ئادەتلىرىدىن ئاسمانغا دەپنە قىلىش (مېيىتنى تاغ - داللاردىكى ئوچۇقچىلىققا قويۇپ، قۇشلارغا يېگۈزۈش «ئاسمانغا دەپنە قىلىش» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ)، تۇپراققا دەپنە قىلىش، سۇغا دەپنە قىلىش (مېيىتنى ياكى مېيىتنىڭ كۈلىنى دېڭىز - كۆللەرگە چېچىۋېتىش، «سۇغا دەپنە قىلىش» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ) قاتارلىقلار بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكى دەپنە ئادىتى بولمىسۇن، شۇ مىللەتنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ھايات قارىشى، جۇغراپىيەلىك شارائىتى قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرگە ئاساسەن شۇ خىل دەپنە ئادىتى شەكىللەنگەن بولىدۇ.

مازار — تۇپراققا دەپنە قىلىش ئادىتىگە ئىگە مىللەتلەرنىڭ مېيىتنى يەرلىكىدە قويىدىغان جايىنىڭ نامى. مازار ئاتالغۇسى ھەرقايسى يۇرت كىشىلىرىنىڭ يەرلىك تىلىدا «زاراتگاھلىق»، «غادىيلىق»، «تۇپراق بېشى» دەپ ئاتىلىدۇ. سۈننىي مەزھەپتىن غەيرىي مەزھەپتىكىلەردە «مازار — ئۇلۇغلارنىڭ جايى، زاراتگاھلىق — ئاددىي ئاۋامنىڭ جايى، تۇپراق بېشى — ئەجداد، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ جايى» دەپ قارايدىغان ئادەت بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار «قەبرە ئىچىدە ھەممە ئادەم ئوخشاش» دەپ قارىغاچقا، قەبرە، مازارلارنى دەرىجىگە ئايرىيدىغان ئادەت يوق.

ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئېتىقاد قارىشىدا «ئىنسان تۇپراقتىن يارىتىلغان، ئاخىرەتتە يەنە تۇپراققا قايتىدۇ» دەيدىغان ئەقىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغاچقا، تۇپراققا دەپنە قىلىش ئادىتى كۈچلۈك ئېتىقاد ئاساسىغا ئىگە. لېكىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ياشايدىغان مۇھىتى ھەم مەزھىپىدە بەلگىلىك پەرقلەر بولغاچقا مازار مەدەنىيىتىدە بەلگىلىك پەرق بار. ئۇيغۇر مازارلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسلام ئەقىدىسىگە ماس ھالدا كۆزگە چېلىقىدۇ. يەنى قەبرە گۈمبەزىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، شەكلى، قەبرىگە قادىلىدىغان ئەلەم، تۇغ - شەددىلەر، قەبرە بېشىدا ئۈستۈرۈلگەن گۈل، دەل - دەرەخلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام ئەقىدىسى ئاساسىدا مىمارچىلىق سەنئىتى، باغىۋەن مەدەنىيىتى، كىشىلىك مۇناسىۋەت، توغقاندارچىلىق، جەمەتچىلىك قاراشلىرى سىڭگەن بولىدۇ.

بىز تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس مازار مەدەنىيىتى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## 1. مازارنىڭ ئورنى

ئۇيغۇرلاردا مەھەللىنى، چوڭراق يۇرت كوللېكتىپىنى بىرلىك قىلىپ مازار بەرپا قىلىنىدۇ. مازار قۇملۇق، ئېتىزدى، بىكار يەرگە بەرپا قىلىنىدۇ. ئائىلىلەرگە يېقىن ياكى ئېتىزلارغا، ئىشلىتىدىغان يەرلەرگە مازار بەرپا قىلىنمايدۇ. توغقانلار كوللېكتىپى ئۈچۈنلا مەخسۇس مازار بەرپا قىلىدىغان ئادەت يوق. مەسچىتكە يېقىن ئورۇنلارغا مازار بەرپا قىلىنىدۇ. ئائىلىلىك كۆپ بولۇپ، مازار بەرپا قىلىشقا بوش ئورۇن بولمىسا مەھەللە سىرتىدىكى قۇملۇق ياكى بىراۋنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولمىغان، تېرىلغۇ قىلىشقا ماس كەلمەيدىغان يەرگە مازار بەرپا قىلىنىدۇ. (بۇنىڭدىن «ئۇيغۇرلار مېيىتنى ئەسكى يەرگە دەپنە قىلىدۇ» دېگەن مەنا چىقمايدۇ. ئېتىز بەرپا قىلىشقا قولايسىز يەرگە، قۇملۇققا مازار بەرپا قىلىنسا كېيىنچە مازارنى يۆتكەپ ئېتىز بەرپا قىلىش خەۋپىدىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. شۇڭا مازار سۇ چىقمايدىغان ئېگىز يەرگە بەرپا قىلىنىدۇ.) مېيىتنى ھەر كىشى ئۆزى خالىغان يەرگە ياكى ئۆزىگە تەۋە بولغان يەرگە دەپنە قىلىشنى راۋا كۆرمەيدۇ. يۇرت - مەھەللىنىڭ مازىرىغا يۇرت - جامائەتنىڭ ئەجدادلىرى، يۇرت ئاتىلىرى، مېيىتنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى كۆمۈلگەن بولغاچقا، يۇرتتىكىلەر شۇنداق مازاردا يېتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئەل - يۇرت ئۈچۈن، ئىسلام ئۈچۈن جەڭ قىلىپ شېھىت بولغانلار جەڭدىن كېيىن يىقىندىكى مۇۋاپىق ئورنىغا دەپنە قىلىنىدۇ. جەڭ ئادىمىزاتسىز جاڭگال، قۇملۇق، ساي، تاغلاردا بولغان بولغاچقا، جەڭدە شېھىت بولغانلارنى يۇرتىغا يۆتكەپ دەپنە قىلىش قولايسىز بولغاچقا، شۇ ئورۇنغا دەپنە قىلىنىدۇ. بۇ «شېھىتلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. «شېھىتلىق» يۇرت - مەھەللىدىن يىراق بولغاچقا، تاۋاپچىلار، شەيخلەر كۆچۈپ كېلىپ، بارا - بارا يۇرت - مەھەللە شەكىللىنىدۇ.

## 2. مازار تەزكىرىسى

ئىسلام ئاچقان پادىشاھلارنىڭ مازارلىرىنىڭ تەزكىرىسى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلام ئېچىش ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ جەڭدە شېھىت بولغان سەرۋاز، سەركەردىلەرنىڭ، ئۆز دەۋرىدە خەلق «ئەۋلىيا»دەك كۆرۈپ ئۇلۇغ بىلگەن يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ مازارلىرىنىڭ تەزكىرىسى بولىدۇ. دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن مازار تەزكىرىلىرىدىن «سۇلتانلىرىم تەزكىرىسى» (يەكەننىڭ چارەك بازىرىدىن شىمالىغا 12 چاقىرىم يىراقلىقتىكى قورغان قۇملۇقىدىكى مازار)، «يۇسۇپقادىرخان تەزكىرىسى» (يۇسۇپقادىرخان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، يەكەننىڭ چارەك بازىرىدىن غەربكە 30 نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى تاغ ئارىسىدا شېھىت بولغان)، «چىلتەنلىرىم تەزكىرىسى» (يەكەن شەھەر ئىچىدىكى چوڭ مازار بولۇپ، «ئالتۇنلۇقۇم خانلار قەبرىستانلىقىنىڭ شىمالىي يان تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ) قاتارلىقلار.

مازار تەزكىرىسىنىڭ ئەھمىيىتى — شۇ مازارغا ئورۇنلاشقان قەبرىدىكىلەرنىڭ ئىش ئىزلىرى، ئىدىيەسى، پائالىيەتلىرىنى، نىمە مەقسەتتە پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئالەمدىن قانداق ئۆتكەنلىكىنى بايان قىلىش ئارقىلىق كېيىنكى شەيخلەرنى، تاۋاپچىلارنى، ئەۋلادلارنى ئەجدادلارنىڭ ئىدىيەسى، ئېتىقادى، ئاچچىق ساۋىقى بىلەن تەربىيەلەشتە ئەھمىيىتى زور. تەزكىرە يېزىپ قالدۇرغۇچىلارمۇ شۇ مازاردىكى ئۇلۇغلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش، تارىخىي ساۋاقلاردىن ئەۋلادلارنى خەۋەردار قىلىپ تۇرۇش، ئۇلۇغلارنىڭ چىرىغىنى مەڭگۈ ئۆچۈرمەسلىكنى ئۈمىد قىلىپ، تەزكىرە يېزىپ قالدۇرغاندۇر.

www.uyghurkitap.com



### 3. مازارنىڭ شەيخى

مازاردا ياتقان ئۇلۇغلارنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭ
بولۇپ، ئېتىقادچىلارنىڭ چىن قەلبىدىن مايىللىقىنى قوزغى-
يالسا، ئەل - يۇرت ئاشۇ ئۇلۇغنى ھەقىقەتەن «ئەۋلىيا»
دەپ ھېسابلىسا، شېھىتنىڭ يوقلىغۇدەك ئۇرۇق - تۇغقىنى
بولمىسا ياكى يىراقتا بولسا، تەبىئىيلا بۇ مازار ئەل -
يۇرتنىڭ، ھەتتا يىراقلاردىكى ئېتىقادچىلارنىڭمۇ غايىۋى
تاۋاپگارلىقىغا ئايلىنىدۇ. ئەل ئىچىدە ئۆزىنى شۇ ئۇلۇغ-
نىڭ مازىرىدا داۋاملىق دۇئا - تەكبىر ئوقۇپ تۇرۇشنى
نىيەت قىلغان، پۈتۈن ئۆمرىنى ئاشۇ مازارنى يوقلاپ،
«ئۇلۇغنىڭ روھىنى غېرىبسۇندۇرماسلىق» ئۈچۈن ئۆزىنى
ئاتىغان كىشى مازار قېشىغا ئۆيىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، تا-
ۋاپچىلارنى كۈتۈش، مازارغا دۇئا - تەكبىر ئوقۇش ئىشلى-
رى بىلەنلا مەشغۇل بولىدۇ، بۇ كىشى مازارنىڭ شەيخى
دەپ ئاتىلىدۇ.

مازارنىڭ شەيخلىكى ئەۋلادىغا مىراس قالىدۇ، يەنى
مازارنىڭ شەيخلىكىنى شەيخنىڭ ئەۋلادلىرى داۋاملاشتۇرى-
دۇ. ئەگەر شەيخنىڭ ئەۋلادى بولمىسا ياكى ئەۋلادى
بولسىمۇ شەيخلىكنى داۋاملاشتۇرۇش لاياقىتىگە ئىگە بول-
مىسا ئۆزى خالىغان باشقا بىراۋ مازارغا شەيخلىك قىلىدۇ.
مازار تەزكىرىسىنى شەيخ ساقلاپ، تاۋاپچىلارغا مەزمۇنىنى
يەتكۈزىدۇ، يازما نۇسخىسىنى كېيىنكى شەيخكە يەتكۈ-
زۈپ بېرىدۇ.

قاغىلىقنىڭ زوڭلاڭدا تاغ ئۈستىدىكى مازارنىڭ ھا-
زىرقى شەيخى 14 - ئەۋلاد شەيخ. يەكەننىڭ چارەك بازى-
رىدىكى «سۇلتانلىرىم مازىرى»دا
مازارنى پاناھ تارتىپ قومۇلۇقتا
كۆچۈپ كەلگىنىگە نەچچە ئەۋلاد
بولغان بىر مەھەللە كىشىلىرى ھەم
شەيخى بار. يۇسۇپقادىرخان مازى-
رى، يەنە چىلتەن مازارلىرىدىمۇ
شەيخلەر بار.

شەيخلەر باشقا يۇرتلاردىن
كەلگەن تاۋاپچىلار ئالغاچ كەلگەن
سەدىقە، ئۆشرە - زاكاتقا تايىنىپ
كۈن كەچۈرىدۇ. ئۇلار ئىش - ئو-
قەتنى تەرك ئېتىپ، كۈنلىرىنى ما-
زاردا دۇئا - تەبىر ئوقۇش، تاۋاپچى-
لارنى كۈتۈش بىلەنلا ئۆتكۈزىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش كېرەككى، ئۇيغۇرلار-
نىڭ ھەممىلا مازىرىدا شەيخ بولۇشى ناتايىن. مازاردا
شەيخ بولۇشى شەرت ئەمەس. مەھەللىۋى مازارلارنىڭ
«شەيخ»لىرى بولمايدۇ. ئاتا - ئەجدادلارنىڭ قەبرىسىنى
پەقەت ئۇرۇق - ئەۋلادلار، دوست، تونۇشلارلا تاۋاپ
قىلىپ، ھەر پەيشەنبە بامداتتىن يانغاندا، يىراقتىكى تۇغقان-
لار ھېيت - ئايەم كۈنلىرى مازارغا كېلىپ، ئاتا - ئەجداد-
لارنىڭ قەبرىسىنى يوقلايدۇ، دۇئا - تەكبىر ئوقۇيدۇ،
مەخسۇس شەيخى بولمايدۇ.

### 4. مازارنى تاۋاپ قىلىدىغان ۋاقىت

ئۇيغۇرلاردا ھەر پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئاتا - ئا-
نىنىڭ، ئاتا - ئەجدادلارنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ، دۇئا -
تەكبىر ئوقۇپ قايتىدىغان ئادەت بار. روزا ھېيت، قۇربان
ھېيت كۈنلىرى ھەممە ئادەم ئاۋۋال ئاتا - ئەجدادلارنىڭ
قەبرىسىنى يوقلاپ، دۇئا - تەكبىر ئوقۇپ، قەبرە ئەتراپى-
نى تازىلاپ، قەبرىگە سايە چۈشۈرۈپ تۇرغان دەرەخلەر-
گە سۇ قۇيۇپ، يىڭى خادا ئالماشتۇرىدىغان ئادەت بار.
باشقا شەھەرلەرگە خىزمەت، سودا ئىشلىرى بىلەن كۆچۈپ
كەتكەنلەر ھېيت كۈنلىرى ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى
يوقلاش مەقسىتىدە يۇرتىغا كېلىدۇ.

ئەمما، قىسمەن جايلاردىكى قىسمەن مازارلاردا
مەخسۇس تاۋاپ قىلىدىغان كۈن شەكىللەنگەن. مەسىلەن،
«ئوردام كۈنى»، «رامىزاننىڭ 17 - كۈنى يۇسۇپقادىرخان-
دا تۈنەش» دېگەندەك.







ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد قارىشىدا: «روھ — دۇئاغا موھتاج» دەيدىغان گەپ بار. شۇڭا «ئۆلگەنلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۆيدە ياكى ئۆزى تۇرۇۋاتقان يىراق بىر شەھەردە تۇرۇپ دۇئا قىلسىمۇ ئاتا ـ ئەجدادلارنىڭ روھىغا تېگىۋېرىدۇ»غان بولغاچقا، ھېيتتىن باشقا ۋاقىتلاردا يىراقتىكى پەرزەنتلەر ئۆزى تۇرۇۋاتقان جايدىلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىدۇ.

## 5. قەبرە بۆشۈكى

مېيىت يەرلىكىدە قويۇلغاندىن كېيىن يەر يۈزىدە قەبرىنىڭ بەلگە ـ نىشانى ئۈچۈن ھەم بۇ يەرنىڭ بىراۋنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ دەسسەپ سالماسلىقى ئۈچۈن تىز بويى ئېگىزلىكتە، مېيىتنىڭ سوزۇلۇپ ياتقان ئۈستىگە توغرىلاپ ئۇزۇنىسىغا توپا دۆۋىلىنىدۇ. بۇ «قەبرە بۆشۈكى» دەپ ئاتىلىدۇ. («قەبرە بۆشۈكى»نىڭ شەكلى بۆشۈككە ئوخشىغاچقا شۇنداق ئاتالغان). قەبرە توپىسىنىڭ قار ـ بوران، يامغۇر ـ يېشىندا بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى، قەبرىنىڭ نىشانى ئۆچۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇيغۇرلار قەبرە بۆشۈكىنى لايدا قاتۇرۇپ ياسايدۇ.

قەبرە بۆشۈكى بىر قەدەر ئومۇملاشقان قەبرە نىشانى بولۇپ، قەبرە بۆشۈكىنىڭ باش تەرىپىگە ئەلەم قادىلىدۇ. مېيىت دەپنە قىلىنغان كۈنى گۈل تاج تىكىلىدۇ. «پەرزەنت ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەبرىسى بېشىغا گۈل، ئۈجمە تىكىپ ئۆستۈرەلىسە ساۋابى چوڭ بولىدۇ» دەيدىغان قاراش بولغاچقا، ئۇيغۇرلاردا قەبرىنىڭ باش تەرىپىگە دەرەخ تىكىش، گۈل تېرىپ ئۆستۈرۈش ئادىتى بار.

شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى بىلەن قەبرە بۆشۈكى گەج بىلەن قاتۇرۇلۇپ، چىرايلىق رەڭلىنىدىغان، قەبرە بۆشۈكىگە يوپۇق يېپىپ قويىدىغان، قەبرە بۆشۈكىنىڭ يۈزىگە ئەرەبچە، ئۇيغۇرچە يېزىقلاردا قەبرە ئىگىسىنىڭ كىملىكىنى، تەرجىمىھالىنى يېزىپ قويىدىغان ئادەتلەرمۇ بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

## 6. گۈمبەزنىڭ ئېگىزلىكى شۇ ئادەمنىڭ مەنسىپىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ

مازارغا دەپنە قىلىنغانلار «ھايات ۋاقتىدا قانداق مەنسەپ تۇتۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆلگەندە باراۋەر بولىدۇ»، بۇ ھەقتە ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ:

تەڭ ئىدۇق ئىككىمىز تەڭرى ئالدىدا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ۋە لېكىن تەك ئەمەس دەۋر ئالدىدا.
كۆرەڭلەپ كەتمىگىن ئامەتلىرىڭدىن،
ئاخىر تەك بولىمىز قەبرە ئالدىدا.

دەپ يازغىنىدەك ئۇيغۇرلار مازاردا «ھەممە ئادەم بابباراۋەر» دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا گۈمبەزلىك قەبرە، ۋادەكلىك قەبرە، قورۇلۇق قەبرە ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇيغۇرلار «قەبرە بۆشۈكنىڭ يوغانلىقى مەرھۇمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلدۈرمەيدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇڭا، قەبرە بۆشۈكنى ھەيۋەت، ئېگىز ياساشنى، گۈمبەزلىك قەبرە ياساشنى ئانچە توغرا تاپمايدۇ. پەقەت ئەپسانە - رىۋايەتلەر بىلەن باغلىنىشلىق بولغان مازارلاردىكى قەبرىلەر (مەسىلەن، «يەتتە چىلتەن گۈمبىزى»)، خان - پادىشاھلارنىڭ قەبرىلىرى (مەسىلەن، «سۇلتان سەئىدخان گۈمبىزى»، «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان گۈمبىزى»)، تەسىرى چوڭ ئىشانلار گۈمبىزى («ئاپاق غوجا گۈمبىزى») قاتارلىقلارغىلا گۈمبەزلىك قەبرە ياسالغان.

گۈمبەزلىك قەبرىلەرنى ياساشقا بىر قەدەر كۆپ ئادەم كۈچى، يەر، ئىقتىساد كېتىدۇ، شۇڭا ئاۋام - پۇقرا ئۈچۈن گۈمبەزلىك قەبرە ياساش ئانچە جايىز ئەمەس دەپ قارىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاتا - ئەجدادلارنىڭ قەبرىلىرىنى ياغاچ ۋادەكتە قوشامغا ئېلىپ ھەم نىشانە ھەم مال - چارۋىلارنىڭ قەبرە بۆشۈكنى دەسسەپ قويۇشىدىن ساقلايدىغان ئادەت بار.

**7. تۇغ - شەددە**

تۇغ - شەددە — بۇ يەردە شېھىتلەر ياتقان ئۇلۇغ بىر مازارنىڭ بارلىقىنىڭ بەلگىسى، ئەلەملەر بولسا مەھەللە - يۇرتنىڭ زاراتگاھلىقىنىڭ بارلىقىنىڭ بەلگىسى. شېھىت ياتقان مازارنىڭ تاۋاپچىلىرى كۆپ بولغاچقا، قەبرىنىڭ بېشىغا ئېگىز - ئېگىز تۇغ - شەددىلەر قادىلىدۇ. («شېھىتلەرنىڭ قەبرە بېشىغا تۇغ - شەددە قاداش كېرەك» دەيدىغان ھۆكۈم يوق، ئەمما تاۋاپچىلار قەبرىدىكى كىشىگە ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بىر - بىرىدىن ئېگىز ھەم گەۋدىلىك تۇغ - شەددىلەرنى قادايدۇ). يولدىن ئۆتكۈچىلەر تۇغ - شەددىنى كۆرگەن چاغدا ئات - ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ، دۇئا قىلىپ ماڭىدىغان، ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھلىرىغا تۆۋبە قىلىدىغان ئادەت بار.

**8. مازارغا مۇناسىۋەتلىك ئەقىدىلەر**

مازار ئاتا - ئەجدادلارنىڭ ياتقان يېرى بولغاچقا، ئەۋلادلار ھامان مازارنى «ئۇلۇغ جاي» دەپ بىلىدۇ. شۇڭا مازارغا چېتىشلىق «يامان بولىدۇ» شەكىللىك تەربىيە ئەندىزىسىمۇ ئۇيغۇرلاردا خېلى كۆپ. مەسىلەن، «مازارغا تۈكۈرسە چىشى چۈشۈپ كېتىدۇ»، «مازاردا ئۇخلىسا جىن چاپلىشىۋالىدۇ»، «مازاردا ئوت قالسا، باقىدىكىلەر دوزاخ ئازابىدا پۇچىلىنىدۇ»، «مازارغا بىتاھارەت كەلسە ئەرۋاھلارنىڭ روھى ئىنتىرىۋېتىدۇ»، «مازارغا يامان تىل تەگكۈزسە تىلى تۇتۇلۇپ قالىدۇ»، «ئۆلگەن كىشىنىڭ ئەيىبىنى سۆزلىسە، ئۇنىڭ گۇناھلىرى ئەيىب ئاچقۇچىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ» دەيدىغان نۇرغۇن تەربىيە مەزمۇنلىرى بار. مازارغا مۇناسىۋەتلىك بۇ خىل تەربىيە مەزمۇنلىرىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلسا نۇرغۇن ئىجابىي تەرەپلىرىنى بايقىۋالغىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

يىغىنچاقلىغاندا، ئۇيغۇرلار ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە ئۆزگىچە خاس مازار مەدەنىيىتى شەكىللەندۈرگەن مىللەت بولۇپ، ئۇيغۇر مازارلىرى باشقا مىللەت مازارلىرىدىن پەرقلىنىدىغان نۇرغۇن خاس تەرەپلەرگە ئىگە. ئۇيغۇر مازار مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى ئۇزاق، ئىجابىي تەسىرى چوڭ، ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشتىكى ۋاستىسى كۆرۈنەرلىك، (ئۇيغۇرلاردا «ئۆلۈمنىڭ ئۆزى تەربىيە، مازارنىڭ ئۆزى مەدرىس» دەيدىغان گەپ بار. نۇرغۇن كىشى جىنازىغا قاراپ مېيىت نامىزى ئوقۇۋاتقاندا ئۆلۈمنى يادىغا ئېلىپ، گۇناھلىرىغا تۆۋبە قىلىدۇ). ئېتىقاد ئاساسى مۇستەھكەم بولغان بىر تۈرلۈك ئۆرپ - ئادەت، ئېتىقاد، خاس كۆز قاراش، ئۆزگىچە خاس قورۇلمىغا ئىگە مەدەنىيەت مەۋجۇتلۇقىدۇر.

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**

1. ئابدۇكېرىم راھمان. «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى.
2. يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق. «قائىدە - يوسۇنلىرىمىز»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2009 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى، 2011 - يىلى 3 - ئاي 1 - باسمىسى.
3. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرناللىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
4. راھىلە داۋۇت ئەلچىن، «ئۇيغۇر مازارلىرى».

(ئاپتور: يەكەن ناھىيە چارەك بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)




ئاق بوز تاقا قار ياغدى —
كۆن چقماي ئېرىپ كەتتى،
بۇ بەختسز قزلارغا
ئەر چقماي قېرىپ كەتتى.

ئاخشمى قارانغۇدا —
كۆز نور چراغ ئوتى،
ژگتلك قلاي دسەم
قوقمەن كشننڭ ژۇتى.

ئۆگزگە ئىلان چقتى،
يەلپۈنۈپ جۇۋان چقتى،
ككەچنى قچقاغاندا —
ئسمايىل تۇڭگەن چقتى.

ئۆيمز شامالباغدا —
باسلا تاپالاملا،

ئالتۇن پوتادەككنە —
ئاپپاق ئوپادەككنە،

ھەركشننڭ يارى بولسا —
كۆڭلى مەيلدەككنە.

ئۆزلرى قزىل ياقۇت
قزغا قزىل ئالما قوت،
جانمنى ئاران سالدى
ئۆز دەردمنى ئېيتايمۇ

سەن ئاتڭنى ئويناتىپ —
دۇشمەنگە ھۇجۇم قلما،
سەن مېنى يات دېسەڭ
بۆلەك يارنى يات قلما!

قاراكەشنى «خەي» دەيدۇ،
تۇرۇپ، چامغۇرنى «سەي» دەيدۇ،
كچككنە قارا كۆزۈم —
قچقاسام «لەۋەي»دەيدۇ.

جرغلاڭنڭ يوللارى
تارام-تارام ساي كېچك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جىرغىلاڭدىن قىزئالدىم
قىزىل ئالمادىن كىچىك.

ھاۋانىڭ مايانىمەن
ژىلقىنىڭ غۇنانىمەن،
ئىشىك باشىدا ئاچقۇچ
قولپىنى ئاچالامىلا.

باي توقاينىڭ يولىدا
ئالا ئۆدەك ئىزى با،
ھېيت ئاكامنىڭ ئۆيىدە
ئون بەش ياشار قىزى با.

باقىا بۇغداي تېرىسام —
بەلۋاقىا كەگەن بۇغدىيىم،
ئۆرگۈلۈپ كەگەن ۋاقتىتا
ئايرىۋەتكەن خۇدايىم.

ئاق ياغا ساراي سالدىم —
مەخمەل بىلە ياپتۇدۇم،
سەپەرگە كەتكەن يارىمنى —
خۇدايىمغا تاپشۇردۇم.

ئاتلارىڭنىڭ ئىچىدە
مىنگۈدەك ئىتىڭ بارمۇ،
يىنىپ ئاقاڭغا قارابىاق —
يەنە بىر كىمىڭ بارمۇ؟

ئاتىڭ نىمەگە توۋسۇن
سۇندۇردى ئىگەرىمنى،
ئاتام بولسا، ئالارئىدىم
كونا يار جىگەرىمنى.

ھاۋادىكى ئۈچ ئۆردەك
ئۇچالاسى بىرخىلدەك،
يىڭى ئۆسمە ياش باللا
ئېچىلغان قىزىل گۈلدەك.

ھەركۈن خىزمەت ئەتكەندە
ھەركۈنى بېرىشىم بار،
كىم قىلسا زىيان بىزگە
زىيانى ئايان بىزگە.

ياخشىلىق قىلغانلارغا
ھەردايىم قىلاي خىزمەت
بارىنى قىلىبان ئەرك —
ھەم ئاندا ئىشىم با.

دەريا بويىدا ساندۇق
ساندۇقىا سامان سالدۇق،
ئانارخاننىڭ تويىغا
رەڭمىرەڭ تاۋا سالدۇق.

دۇمتۇم پادىشا بوپتۇ —
خىزمەتكە قۇلى يوقتەك،
خىزمەتكەر قۇل ئالغىلى
قولىدا پۇلى يوقتەك.

قاشقالىق بولاي دەيمەن —
ئەنجانلىق بولاي دەيمەن،
بۆكەمنى قىرغا قويۇپ
سىڭلىڭنى ئالاي دەيمەن.

قارانغۇدا قوقمايمەن
ئوڭ قولۇمدا تاشىم بار،
خۇنخايغا بەرمەيمەن
چوقو ئاداشىم بار.

مەن باغىڭنىڭ تېشىدە
سەن باغىڭنىڭ ئىچىدە،
سەندەك نەچچە جۇلانلا —
پىتەگىمنىڭ ئۇچىدا.

ياغاچ پىچاق ئاغانلا
بازاغا كېلەلمەيدۇ،
يالغۇز بىر پىچاق بىلەن
جۇۋاننى ئالالمايدۇ.

ژۇقاردان چۈشۈپ كەلدىم ــ
قوللارىمدا بەردەڭگە،
نىشانە بولۇپ تۇرغىن ــ
ئېتىپ باقاي مەيدەڭگە.

قاشىڭىزنى ئاتتىڭىز ــ
بىزنى تاشلاپ ئەتتىڭىز،
يوقمىدى خۇدايىڭىز
زار، زارت يىغلاتتىڭىز.

ــ كوچىدا ناخشا ئېيتسام
ئەل مېنى سارائ دەيدۇ،
ئاتام بوسا، ئانام بوسا
دەردى بار بالام دەيدۇ.

ئىلىنىڭ تېرەكلىرى
ئىگىلەيما دىمەيدۇ،
بىر تۇققان قېرىندىشىم
سېغىنايمۇ دىمەيدۇ.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما ــ
چاچىڭغا تاتما سانما،
ئاتام سېنى ئالمايدۇ
كەلگەنلەنى ياندۇما.

ئوڭ يېنىمغا يەل تۇردى ــ
مەن تاپاي داۋا يەلگە،
مېنى ئۇزۇتۇپ ئېتىپ
كۆڭۈل بەرمىگە ئەلگە.

ئالا كۈچۈگۈڭ يامان ــ
زەنجىربىلە باغلاق يات،
ئاخشاملىققا مەن باراي
ئۇخلاپ قالما ئوغاق يات.

مىڭ ئارالنىڭ باشىغا
ئۇچۇپ كېلدۇ قۇشلار،
ئۆلۈپ كېتىمىز بىر كۈن
ئويناپ ئاللى دوسلا.

ئاق سارايدا چىقتى يارىم ــ
چىن تۇگانى پۈركىنىپ،
قولىدا زەيتۇنە ياغلىق ــ
تال چۈبقدەك تولغىنىپ.

تال ئۇچى تالغا تىگەمدۇ ــ
تال ئۇچى تالغا ژىراق،
مەيلىمىز سىزگە چۈشۈپتۇ ــ
ئۆيىڭىز ئاندىن ژىراق.

ئۆي ژىراقى بوسا، بولسۇن ــ
كۆڭۈل ژىراقى بولمىسۇن،
ئىككىمىزنىڭ ئالدىدا
ۋەئىدى يالغان بولمىسۇن.

چاچلىرى بەلگە چۈشۈپتۇ
بەللىرى بىر قىلچە يوق.
مېنىڭ مەيلىم سىزگە چۈشۈپتۇ ــ
ئۆزگەسى بىر پۇلچە يوق.

ئاقىنا كۆينەك كىيپسىز
ئاق تىكەنلە ئىلمىسۇن،
كۆككىنە كۆينەك كىيپسىز
كۆكتىكەنلەر ئىلمىسۇن
ئىككىمىز ئاشىق بولايلىق ــ
ئۆيدىكىلە تۇيمىسۇن.

ئۆيدىكىلەر تويسا تۇيسۇن
ۋەدە يالغان بولمىسۇن ــ
ۋەدىسىدە تۇرمىغان
ھەرگىز مۇسۇلمان بولمىسۇن.

باغدىكى زىبا تىرەكتەك
بويىڭىزنىڭ تۈزلۈكى
مۇشۇ ئۇژمىنىڭ سۇيىدەك
ئاغزىڭىزنىڭ تاتلىقى!

uyghurkitap.com



بۇ ئۈژمىنىڭ رەڭگى
تۇرلۇك سۈيى بار
مىنىكى بىچارەنىڭ
سىزدەن بۆلەك بار!؟

چىشىڭىزنىڭ ئاقلىقى
ھۈنجە تۇرادۇر
لەبىڭىزنىڭ تاتلىقى
تىلنى يارادۇر،

قاشىڭىز قازى بولۇپ
ژۈتنى سورايدۇ.
كۆزىڭىز ئويناپ تۇرۇپ
جاننى ئالادۇر.

سىزنى ھەركۆندە مىڭ —
كۆرگۈم كېلەدۇر،
قۇچاغىمغا ئېلىپ
سۆيگۈم كېلەدۇر.

ئوتىڭىز تەگدى جېنىمغا —
ئۇستىخانىمنى شۇلۇپ،
ئەلگە تۆيغۇزماي ژۇرەتتىم
گاھى ژىغلاپ گاھى كۈلۈپ.

قاپقارا بوستان ئىچىدە
ئاق قۇش بولۇپ «ھۇھۇ» دىدىما،
ئوتىڭىزغا چىدىيالماي
ئۆپكەم قۇرۇپ «سۇ»دىدىما،

ساندۇغۇمنىڭ ئىچى گۈللەر
گۈلى گۈل دەستە
مېنىڭ يارىم قاشى قارا پەگەستە
قاشى قارانى ئەلەلەر
ھەشكارە ئەتسە —
دۇنيانى سېتىپ سەگا —
ئوخشاشنى يار ئەتسە.

تال ئىچىدىن تاللاپ ئالدىم
تال چوكانىم سېنى
گۈل ئىچىدىن گۈل دەپ ئالدىم
گۈلى سەيدەرىم سىنى
خەلقى ئالەم «نەدىن ئالدىڭ»
دەيدۇرمېنى،
خۇدايىمغا نالە قىلىپ
تىلەپ ئالدىم مەن سېنى.

قاقرام سەككىز مېنىڭ
تۆرتى ئالا، تۆرتى قارا،
ئالتى ئاي ئوتىڭدا كۆيسەم
بىلمىگەن كۆڭلى قارا.

قىزىل قىيان ئىچىمدە
قىلدىم ساڭا،
قىزىل گۈل غۇنچاسىدەك
ئىگىلدىم ساڭا!
خايى بىلىڭ خايى بىلمەڭ
خۇشتارمەن ساڭا
خۇشتارلىقتىن ئۆلۈپ كەتسەم
ئۇۋالىم ساڭا.

سەن مېنى ياراتمساڭ
دۇنيادا نامسىز ئۆتەي،
كۆيگەنىمنى بىلمىسەڭ
يېرىپ ژۇرەكنى كۆرستەي.

بەلگە كېلىپ چۇشۇپتۇ
ئويمان بۇلاققا،
ئاتلارنى قويۇپ ئېتىدۇ
كۆپە قىياققا،
كىشى ئۆچۈن كىشى ئۆلەمدۇ
ئوتى پىراققا
سىز ئۈچۈن بىر ئۆلەي يار
خەنجەر پىچاقتا.
ئالمىدىن رەڭلىك ئىدىم
رەڭگىمنى سارغايتتى پىراق

ئۇنىڭ يېنىمدا ئىشتىياق
ئىشتىياقنى تارتا
ھېچ ماجالىم قالمىدى.
روچۇندەك ساغىرىپ
ئۇچارغا ھالىم قالمىدى.
روچۇن بولسا كىشى
ئۇچسا قاناتىنى سوزۇپ
راس سۆزۈڭنى ئېيتىپ ساڭا —
مەن كىتەي ئۈممەت ئۈزۈپ

يېشىل- يېشىل يوپۇرماغىم
ياشاردى كەتدى،
يېشىل تونلۇق يارىم مېنىڭ
قاشقاغا كەتتى،

كىلەمدىكەن، كەلمەمدىكەن
قەرەلى تەتدى،
شۇ كۈندىكى غېرىبچىلىق
جانىمدىن ئۆتدى.

خەت بىلەن خالتا ئەۋەتتىم
مەھرىبان يارىم ساڭا،
ئوقۇتىپ ئىلكىگە ئالغىل
مەلۇم بولۇر ھالىم ساڭا!

چىنە چىنە سۇ ئىچەرمەن
«پاھ ژۇرىگىم كۆيدى» دەپ
بۇ بېيىتنى سىزگە ئېيتتىم
«ھەممەدەن چىچەنغۇ»دەب

ئىلىدىن چىققان ژىگىتنىڭ
تونى بار، تونچەسى يوق
باشىغا گۈل قىسىپتۇ
گۈلى بار، غۇنچەسى يوق.

گۈلنى ئالدىم كۆپكە سالدىم
كۆپدە ھاراق بار ئىكەن،
ئۇنىڭ قولۇمغا ھاراق ئالدىم
سول قولۇمغا شەم چىراق.

شەم چىراقدا كۆيگىچە —
مەشرەبدە كۆيگەن ياخشىراق.
گۈلنى ئۈزسەڭ تازا ئۈزگىن
بەرگىدە غازاڭ قالمىسۇن.

يالغۇزلۇقدا مېنىڭ بويىم —
ساغىرىپ رەڭگى رويىم،
يالغۇزلۇقدا دۇئا كويىم
ژۇتتا گەۋھەر ئاتام قالدى.

غېرىبلىقدا مېنىڭ باشىم —
سىڭمەس ماڭا يىگەن ئاشىم،
يوقچىلىقدا غېرىب باشىم
ژۇتتا گۆھەر دوسلىرىم قالدى

ئىشكىڭىزنىڭ ئالدى
بىر تۈپ چىن ئاچا
چىن ئاچىغا كېلىدۇ
كۆزى خۇماچا،
ئاكام ماڭا ئەۋەتىپتۇ
ئالتۇن كاتچا،
مەن ئاكامغا نەگە باراي —
ئايدەك ئاغچىغا.

ئۆتمىگەن يوللاردىن ئۆتەدىر
قىزىل روماللىق جوگان،
ئاغزىدىن شەرۋەت ئاقادىر
شەرۋەتى تاتلىق جۇگان

ھويلا ئالدىغا گۈل تېرىدىم
بىر گۈلنى ئۈزمىدىم،
ھەرقانچە ژىراق كەتسىڭىزما
ئۈمۈتىمنى ئۈزمىدىم.

ئىشىگىڭدىن ئۆتتۈم مەن
گۈل زاراڭىزا تەگىلى
گۈل زاراڭىزا بانە بولدى
ئاي يۈزىڭنى كۆرگىلى

تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد

MIRAS

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو تۇنجى نۆۋەتلىك ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى

تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 2015-يىل 10-ئاينىڭ 19-كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى، مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئۇيۇشتۇرغان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىياتى جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا دۆلەت ئىچى، جۈملىدىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى داستان تەتقىقاتچىلىرى، داستانچىلار، شۇنداقلا گېرمانىيە، تۈركىيە، ياپونىيە، كورېيە، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى تەتقىقاتچىلىرى ھەم بېيجىڭدىكى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 50 تىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ھېكايە، مۇزىكا ۋە ئورۇنلاش سەنئىتى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن كۈچلۈك ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە سەنئەت شەكلى، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلق فولكلور خەزىنىسىدىكى ئەڭ يىرىك ژانىر ھەمدە ھەر بىر سەنئەتكارنىڭ ئورۇنلاش جەريانىدا ئەسەرنىڭ ئەسلىي ۋەقەلىكىگە ۋارىسلىق قىلىشى بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ھېسسىيات، كەيپىياتىنىڭ ۋە ئىدىيە تونۇشىغا باغلىق ھالدا ئۆزلۈكىنىڭ سىڭىشى، ھەر بىر دەۋرلەرنىڭ روھىي تامغىلىرىنىڭ تەبىئىي يوسۇندا بېسىلىپ تۇرۇشى بىلەن ھەم قەدىمىلىككە ھەم يېڭىلىققا ئىگە بولغان سەنئەت ئەسرىدۇر. داستانلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋىلىكى بىلەن ھامان ئۆتمۈشكە مەنسۇپ قەدىمىي ئەسەر ھېسابلانسا، ئۇ يەنە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ ئېيتىلىپ تۇرغاچقا، «بۈگۈنگە مەنسۇپ يېڭى ئەسەر» ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى 2007-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى تىزىملىكىگە، 2009-يىلى دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.

**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!**

سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ كۈنگە كەلدى. شۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى، 2010-يىلدىن ئېتىبارەن ژۇرنىلىمىزنى كۇتۇبخانىلارغا سېلىشنى توختاتتۇق. شۇڭا پەقەت مۇشتەرىلىرىمىزلا ژۇرنىلىمىزدىن ھوزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بولسىڭىز مۇشۇ گەپنى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىزغا، ئاغىنە-بۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزغا، يېقىن-يورۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.







Symposium on Uyghur Folk
中国 · 北京
Beijing, China
19-20, 2015








www.uyghurkitap.com





باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت

Tel: 0991- 4554017 Fax: 0991-4559756

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 / I

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58 باھاسى: 6.00 يۈەن

پوچتا نومۇرى: 830001

E-mail: mirasuyghur@126.com

چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM

ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى: 6500006000040



主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会

编辑出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层)

电话:(0991)4554017 传真:(0991)4559756

发行:乌鲁木齐市邮局

订阅:全国各地邮局

国内统一连续出版物号:CN65—1130/I

国际标准连续出版物号:ISSN1004—3829

代号:58-60 广告许可证号:6500006000040

E-mail:mirasuyghur@126.com

海外发行代号:1130BM

国外发行:中国图书进出口总公司

印刷:新疆日报社印务中心

邮编:830001 定价:6.00 元

CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT (GROUP) CORPORATION
[illegible] E.Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E-Mail: [illegible]
Fax: 0086-10-6563069 Tel: 0086-[illegible] 0086-10-65004552